UTi

www.uysi.org

# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

# 2
# 2022

ISSN: 2757- 9220

پەسلىلىك سىياسىي - ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال

2022 - يىللىق (ئاپرېل، ماي، ئىيۇن) 2 - سان / ئومۇمىي 6 - سان



- ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ جەريانلىرى: شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ئۆلۈم
  دېيۋىد توبىن

- تەشۋىقات ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن: ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى
  مۇھەممەت ئابدۇمجىت

- كۇچادا كارىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى تارىخىي ۋەقەلەر
  ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

# مۇندەرىجە

ژۇرنالغا كىرىش ............................................ 02

◄ دىيۇند توبىن

ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ جەريانلىرى: شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ئۆلۈم ............................................ 04

◄ مۇھەممەت ئابدۇمىجىت

تەشۋىقات ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن: ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى ............................................ 34

◄ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

كۇچادا كارىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ............................................ 55

بىيولوگىيە ۋە تارىخ ............................................ 62

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان
ULUSLARARASI VAZİYET VE DOĞU TÜRKİSTAN

(پەسىللىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال)

2022 - يىللىق 2 - سان (ئاپرېل، ماي، ئىيۇن)
(ئومۇمىي 6 - سان)

قانۇنىي ۋەكىلى: دوكتور ئەركىن ئەكرەم

باش تەھرىر: ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئەسىر باھالاش ھەيئىتى:
ئەركىن ئەكرەم
ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
يالقۇن ئۇلۇغيول

كوررېكتورلار:
پاسىبان
ئابدۇرېھىم دۆلەت

لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھون

ISSN: 2757 - 9220

ژۇرنال ئادرېسى:
Kızılay, İzmir - 1 Cd. No: 33 D: 27,
06420 Çankaya/Ankara

# تارىخىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھمىيىتى ۋە بۈگۈنى

ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا

دىر.ئەركىن ئەكرەم
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

تارىخىي گېئو-سىياسىي جەھەتتە، شەرقىي تۈركىستان ئۆز دەۋرىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ كۈچ ئېلىشىشىنىڭ مەيدانى بولغانىدى. تارىختا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سودا پائالىيەتلىرىنى بىر يەرگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا ئىگە شەرقىي تۈركىستان تەڭرىچىلىك، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيە مەزھىپى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭمۇ كۈچ ئېلىشىش مەيدانى ئىدى. بۇ رايون يەنە قەدىمكى خىتاي، ھىندىستان ۋە گرېتسىيە قاتارلىق مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقان رايون ئىدى. تارىختا نۇرغۇن يېزىق سىستېمىغا ئىگە تىللارغا ساھىبخانلىق قىلغان شەرقىي تۈركىستان، نۇرغۇن مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندەك پەرقلىق ئېتنىك ۋە ئىجتىمائىي توپلۇقلارغىمۇ ماكان بولغانىدى. شەرقىي تۈركىستان تارىخىي يىپەك يولىنىڭ دەل مەركىزىگە جايلاشقانلىقتىن دۇنيا سودىسىنىڭ بىخەتەر ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچ چىقارغان ۋە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقانىدى.

بۇ نۇقتىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئو-سىياسىي ئورنى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خىتاي بىلەن رىم ۋە شەرقىي رىمنى بىر-بىرگە تۇتاشتۇرغان رايوندۇر. خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بۇ رايون، خىتاينىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان نۇرغۇن جۇغراپىيەلىك ئامىللار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خىتاي زېمىنىدا قۇرۇلغان نۇرغۇن خاندانلىقلار ئىچىدە ئەڭ چوڭلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان خەن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى، قۇبلەي خانىنىڭ يۈەن سۇلالىسى ۋە مانجۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى قاتارلىقلار شەرقىي تۈركىستاننى بىر مەھەل ئىشغال قىلىش ئارقىلىق جاھانگىر دۆلەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. مانجۇ ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ياشىغان مۇتەپەككۇر ۋېي يۈەن (魏源)، شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان زو زۇڭتاڭ (左宗棠)، خىتاي جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى چۇ

شىرزۇ (朱希祖) ۋە زېڭ ۋېنۋۇ (曾问吾) قاتارلىق شەخسلەر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايغا نىسبەتەن ئىستراتېگىيەلىك ۋە ھاياتىي مەنپەئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە خىتاينىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەشكەن. ئەلۋەتتە خىتايغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدىغان شەرقىي تۈركىستان، خىتاينىڭ رەقىبلىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر.

شەرقىي تۈركىستان خىتايدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن دەۋرى خاراكتېرلىك ھالدا ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، كورىيە، ياپونىيە ۋە ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەردە بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ھاكىمىيەتلەر خىتاي تەسىرى ۋە نوپۇزىنى گەۋدىلىك ھالدا تىكلىيەلمىگەن. سىياسىي ئىدىيە، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىرق ۋە دىنى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر نۇقتىسىدىن شەرقىي تۈركىستان كۆنمىزدە خىتاي بىلەن ئەمەس، كۆنمىزدە بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بىر گەۋدىدۇر. شەرقىي تۈركىستان ئەلمىساقتىن بېرى ئىچكى ئاسىياغا تەۋە بولۇپ، رايون نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپتۇر. ئىچكى ئاسىيا، خىتايغا ئوخشاش رايون سىرتىدىكى كۈچلەر نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى رايون خەلقى نۇقتىسىدىن رايون ۋە رايون سىرتىدىكى كۈچلەرگە قارىتا تارىخىي قارىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۇقۇمدۇر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىمۇ ئىچكى ئاسىيا نۇقتىسىدىن ئانالىز قىلىنىپ باھالاپ چىقىلىشى ۋە خىتاي بىلجىرلىغاندەك «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن خىتاينىڭ زېمىنىدۇر» دېگەن سەپسەتىسى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىش ۋە ئانالىز ئېلىپ بېرىش كېرەك.

تارىخىي نۇقتىدىن ئىچكى ئاسىيانىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان شەرقىي تۈركىستان مۇھىم رولغا ۋە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. نوپۇزلۇق گېئو-سىياسىي مۇتەخەسسىسى ھالفورد مېكىندېر (Halford Mackinder) ۋە دونالد ۋ. مېينىگ (Donald W. Meinig) بۇ رايوننى ئاسىيانىڭ قەلبى (Heartland) دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئېلسۋورس خاڭتىڭتون بۇ رايوننى ئاسىيانىڭ تومۇرى (Pulse of Asia) دەپ ئاتىسا، ئوۋېن لاتتىمور (Owen Lattimore) ئاسىيانىڭ تايىنىش نۇقتىسى (Pivot of Asia) دەپ تەرىپلەيدۇ. دۇنيا سىياسىي نەزەرىيەسىنىڭ بەرپاچىلىرىدىن ئاندرې گۇندېر فرانك (Andre Gunder Frank)، ئاسترونومىيەلىك بىر ئۇقۇمدىن پايدىلىنىپ رايوننى قارا ئۆڭكۈر (Black hole) دەپ ئاتاش ئارقىلىق رايوننىڭ فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىچكى ئاسىيا تارىخىي يىپەك يولى خاراب بولۇشتىن ئىلگىرى رايون سىرتىدىكى كۈچلەرنى ئۆزگە قاراتقان ۋە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغان رايوندى. 16-ئەسىردىن كېيىن يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى بىلەن بۇ ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە رايون سىرتىدىكى كۈچلەر تەرىپىدىن بۆلەك-تالاڭ قىلىنىپ پارچىلىنىپ كەتكەن.

بۇ تارىخىي نەتىجىلەر نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە، يۈكسىلىۋاتقان خىتاي ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ باش كۆتۈرۈۋاتقان شەرقىي تۈركىستان-ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن قانداقراق بىر ئىلھامنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن؟

# ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ جەريانلىرى:
# شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ئۆلۈم*

**ئاساسىي مەزمۇنى:** ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولسا نىشانلانغان گۇرۇپپىلارنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن «جىددىي ھالەتلەر»دىن مەيدانغا كېلىدىغان بىر قاتار ئۇزۇن مەزگىللىك جەريانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالىدە تەنقىدىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەسەرلىرى (literature)گە ئاساسەن شىنجاڭدىكى قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى ۋە پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىشنى رەسمىي چۈشەندۇرۇپ بېرىدىغان جىددىي ھالەت بايانى بولغان خىتاينىڭ «ئېرىتىش» (fusion) سىياسىتى تارىخىي نۇقتىدىن كونتېكىستلاشتۇرۇلىدۇ (contextualize) (باش-ئاخىرى باغلانغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ – تەرجىماندىن). گەرچە خىتاينىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ «بىر مىللەت، بىر دۆلەت تەپەككۇرى»نى غەربچە مۇستەملىكىچىلىك، دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي سىياسىتىگە تەنقىدىي ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىش بۇ پارتىيە دۆلىتىنىڭ ئېتنىك كىملىكلەرنى مۇستەملىكىلەرچە قالاق/ زامانىۋى، ياۋايى/ مەدەنىي، دەپ تۈرلەرگە ئايرىيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پارتىيە دۆلىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك «ئاسارىتىدىن» قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت «تارىخىي ۋەزىپىسى» مۇستەملىكىچىلىكنى قانداق ئىلگىرى سۈرىدۇ؟ مەزكۇر ماقالىدە كىملىك ۋە خەتەر ھەققىدە ئىزچىل تەكرارلانغان رەسمىي (official) ئىنسانسىزلاشتۇرۇش ئىپادىلىرى ئۈچۈرتىش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغان پىلانلىق ئىجتىمائىي ئۆلۈم سۈپىتىدە كونتېكىستلاشتۇرۇلۇپ،

**دېيۋىد توبىن**

ئەنگلىيە، شېففىلد ئۇنىۋېرسىتېتى،
شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات مەكتىپى

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا

* بۇ ماقالە «ئېتنىك ۋە ئىرقىي تەتقىقاتلار» ژۇرنىلىنىڭ 2202- يىل، 54- جىلد، 61- سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

ئۇلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارغا قانداق يول ئاچىدىغانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ. ماقالىدە زامانىمىزدىكى «ئىبرىتىش» سىياسىتىنىڭ كۇلتۇرەل ئەۋزەللىك ۋە ئېتنىك-مەركەزلىك تەرەققىياتچىلىق بىلەنئۆزئارا گىرەلىشىپ، خىتاينىڭ «ئېتنىك مەسىلىسى»نى ھەل قىلماقچى ۋە شىنجاڭنى تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆلۈمى ئارقىلىق مۇستەملىكىسىزلەشتۈرمەكچى (مۇستەملىكىدىن خالاس قىلماقچى) بولغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئېتنىستى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خىتاي، شىنجاڭ، ئۇيغۇرلار، بىخەتەرلىك**

## مۇقەددىمە

خىتاينىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ «بىر مىللەت، بىر دۆلەت تەپەككۇرى»نى غەربچە مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئېتنىك مىللەتچىلىك، دەپ ئاتاپ كەلگەن.[1] لېكىن خىتاي سىياسىتىگە تەنقىدىي ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىش ۋە شىنجاڭدىكى كىملىكلەر ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر[2] قالاق/ زامانىۋى، ياۋايى/ مەدەنىي، دەپ، مۇستەملىكىلەرچە تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ پەقەتلا غەربكە خاس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇللىرىمۇ مۇستەملىكىدىن كېيىنكى جەمئىيەتلەردىكى ئاز سانلىقلارغا قارشى ئوخشاش زوراۋانلىقلارنى تەھلىل قىلىدۇ.[4] بىراق، خىتاينىڭ ئېتنىك سىياسەت ئالىملىرى غەرب مىللەتچىلىكى بىلەن خىتاي مىللەتچىلىكى ئوتتۇرىسىغا مۇستەھكەم كىملىك چېگرالىرىنى ئورنىتىپ،[5] ئېتنىك نەزەرىيەلەرنىڭ خىتاينىڭ «ئېتنىك مەسىلىسى»نى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىتايچىلاشتۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[6] ئارقىدىن شى جىنپىڭنىڭ[7] «كۇلتۇرەل كىملىك ھەر مىللەتنىڭ روھى» دەپ جاكارلىشى[8] خىتاينىڭ ئېتنىك سىياسىتىنىڭ شەكلەن كۇلتۇرەل كۆپخىلچىلىقتىن «ئىبرىتىش»، يەنى ئاسسىمىلاتسىيە شەكلىگە بۇرۇلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردى.[9] خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى (خ ك پ)نىڭ مۇستەملىكىچىلىك «ئاسارىتىدىن» قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت «تارىخىي ۋەزىپىسى» مۇستەملىكىچىلىكنى قانداق ئىلگىرى سۈرىدۇ؟ بۇ ماقالىدە «ئىبرىتىش»نىڭ «تىل شالغۇتلۇقى»دا[10] مۇستەملىكىچى ۋە مىللەتچى ئىدىيەلەر بىلەن قانداق گىرەلىشىپ، تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ «ئېتنىك مەسىلىسى»نى ھەل قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ «بۈيۈك قايتىدىن گۈللىنىشى»نىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقچى بولغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىر ھادىسە ئەمەس،[11] بەلكى ياۋايىلارنى مەدەنىيەتلىكلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق «جىددىي ھالەتلەر»دىن مەيدانغا كېلىدىغان بىر جەريان.[12] بۇ ماقالىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ش ئۇ ئا ر) دىكى جىددىي ھالەت بايانى بولغان «ئىبرىتىش» تارىخىيلاشتۇرۇلىدىغان (تارىخىي نۇقتىدىن بايان قىلىنىدىغان- تەرجىماندىن) بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزى قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىش، پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش... قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.[13] «ئىرقىي قىرغىنچىلىق پائالىيەتلىرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئانالىز جەھەتتىن قانۇنىي ئۇقۇملاشتۇرۇشتىن پەرقلىق بولۇپ،[14] ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەتقىقاتلىرىدىكى بىۋاستە يۈزلىنىشلەرگە ئاساسلىنىدۇ.[15]

ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىراقلا ئەقىلدىن ئېزىپ ۋەھشىلىشىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئېتنىك –مەركەزلىك بايانلاردا ھاكىمىيەتنىڭ ئارتۇقچە ياكى تەھدىت دەپ قارالغان كىملىكلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەدرىجىي گەپ-سۆزلىرىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.[16] خىتاينىڭ رەسمىي بايانلىرىدا، خىتايلارنىڭ 2000 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ كەلگەنلىكى تەسۋىر قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ «يەرلەشكۈچى كۈلتۈرى» بىلەن مەقسەتچىل (teleological) «فۇنكسىيەسى» خىتاينىڭ «چېگرا رايونغا يەرلىشىپ»، ئەمىنلىكنى ساقلايدىغان ئاكتىپ روھىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.[17] خىتاينىڭ مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسى ۋە رەسمىي تارىخچىلىقتىكى نوپۇزلۇق شەخس فېي شياۋتۇڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە «ياۋايىلار»نىڭ خىتاينىڭ شانلىق مەدەنىيىتىگە «مەپتۇن» بولۇشى ئارقىلىق خىتاينىڭ تارىخىي شەكىللىنىشىنى «خىتايلار ئۈچۈن يېڭى قان» سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ.[18] رەسمىي بايانلاردا، ياۋايىلارنى ئەل قىلىش ۋە «خىتايلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ كونا جاھانگىرلىك ھېرىسى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھال ئانگلوفون (ئىنگلىز تىللىق) ئوقۇرمەنلەرنى ھەممىگە تونۇشلۇق ئىرقىي قىرغىنچىلىق مىساللىرىدىن ئايرىۋېتىپ ھەيران قالدۇرىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك دۆلەت زوراۋانلىقى فېرېستايننىڭ: «تەركىب، مۇستەملىكىچى، مۇستەملىكىدىن كېيىنكى ۋە ئۆزگەرتىش»تىن ئىبارەت ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تۆت تېپىنىڭ ئوخشىمىغان ئېلېمېنتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.[19] 1949- يىلدىن كېيىنكى دۆلەت زوراۋانلىقى «ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان نوپۇسلارنى يوقىتىدۇ». بۇلار 1950- يىللاردا «تېنچ ئازاتلىق»قا ئەگىشىپ، خىتاي قوشۇنلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشۇشلاردىن كېيىن «باندىت» دەپ رەت قىلىنغان قازاق قوراللىقلىرىدىن تارتىپ 21- ئەسىردىكى «ئىدېئولوگىيىلىك ۋىرۇسلار»غىچە نۇرغۇنلىغان تۈركۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[20] يەرلەرنى تارتىۋېلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرگە قىلىنغان قانۇنسىز مۇئامىلە «يەرلىك ئاھالىنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى ئىگىدارلىق قىلىدىغان»،[22] يەرلىكلەرنى ياتلار ۋە «مەدەنىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ياۋايىلار» دەپ كەمسىتىدىغان كونا مۇستەملىكىچى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشايدۇ.[23] دۆلەت كونتروللۇقىدىكى يېرىم ھەربىي تەشكىلات شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئارمىيىسى (بىڭتۈەن)نىڭ مەقسىتى بولغان «بىر قولدا قورال، يەنە بىر قولدا گۈرجەك تۇتۇپ، يايلاقلارنى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتىش[24] ئاچارچىلىقنى ۋە قازاقلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى (1959–1962).[25] بۈگۈن پارتىيە دۆلىتى شى جىنپىڭ تەرىپىدىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئۇزاق مەزگىللىك كۈرەش دەپ تەسۋىرلەنگەن «غەربلىشىش» ۋە يەرلىك «مىللەتچىلىك»كە قارشى داۋاملىشىۋاتقان مۇستەملىكىدىن كېيىنكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئىچىدە، يەرلىك خەلقلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن نىشانلىق ھالدا «قايتا تەربىيەلەۋاتىدۇ» ۋە «ئېرىتىۋاتىدۇ».[26] 1949- يىلدىن بۇيان، سىياسەتنىڭ تولا ئۆزگىرىشى مېخانىكىلىق چۈشەندۈرۈشنى تەسلەشتۈرسىمۇ، لېكىن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خىتاي بولمىغان خەلقلەرگە قارىتىلغان ئۇزاق مەزگىللىك ئىنسانسىزلاشتۇرۇشتەك دۆلەت زوراۋانلىقىغا ئىمكان يارىتىدۇ.

تەنقىدىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەتقىقاتلىرى[27] بىر گۇرۇپپىنى يوقىتىشقا ئۇندەيدىغان كەڭ

شەرت-شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك ئورتاق تېمىلارنى ۋە ئاشۇ شەرت-شارائىتلارنى ياراتقان سىياسەتلەرنى تېپىپ چىقىش بىلەن بىرگە، كونتېكىستلەرنى بىر-بىرلەپ ئېچىش ئارقىلىق، زامانىمىزدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق پائالىيەتلىرىنى تارىخىيلاشتۇرىدۇ.[28] شىنجاڭدىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارنى ئىنسانسىزلاشتۇرۇش مۇرەككەپ بىر جەريان، چۈنكى خىتاي ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جاھانگىر ئۆتمۈشى ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن بىر مۇستەملىكىدىن كېيىنكى دۆلەت.[29] خىتاي بىرلىككە كەلگەن مىللەت ۋە دۆلەت دېگەن ئىدىيە ئىچكى جەھەتتىن مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، تاشقى جەھەتتىن ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكى ھەققىدىكى مۇرەككەپ سىياسىي ئەندىشىلەردىن تۇغۇلغان. سۇن جۇڭشەن «خەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ»، خىتاينى چىرىك مانجۇلار بىلەن غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشقان.[30] ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭ مىنىستىرلىكلىرىنى خىتاينىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان «چەتئەللىك خوجايىنلىرىمىزنىڭ بوغالتېرخانىلىرى»، دەپ مازاق قىلغان.[31] بۈگۈن دائىمىي جىددىي ھالەت باياناتلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان «كومپارتىيە بولمىغان بولسا، يېڭى خىتاي بولمىغان بولاتتى»، دېگەن شوئارلاردا داۋام قىلىۋاتىدۇ. خ ك پ «دۈشمەن چەتئەل كۈچلىرى» بىلەن ئىچكى «قالاقلىق»نىئۆزئارا باغلانغان سىجىل تەھدىت سۈپىتىدە بېكىتىپ، تۈركىي كىملىكلەرنى 19- ئەسىردىكى ياۋروپا «مۇستەملىكىچى مونوپولچىلىقى»نىڭ «تارىخىي قالدۇقى»، شۇنداقلا تارىخنىڭ ئېقىنىغا قارشى ئۈزۈش ئارقىلىق خىتاينىڭ بىرلىكىگە ۋە بۈيۈك قايتا گۈللىنىشتىن ئىبارەت «مۇقەددەس ۋەزىپە»گە تەھدىت، دەپ سۈپەتلەيدۇ.[32] شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي ۋەزىپىمىزنى قەتئىي ئۇنۇتماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيلى، دېگەن شوئارى ئېتنىك سىياسەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مەقسىتىنى يورىتىپ بېرىدۇ ۋە خىتاينىڭ ۋەزىپىسىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان ساختا «مۇستەملىكىچى» كىملىكلەرنى تازىلاش قورالى بولغان تۈتۈپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.[33] پارتىيە دۆلىتى تىپىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشى بولغان تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى ۋە پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىشنى خىتاينى تېررورىزم ۋە مۇستەملىكىچىلىكتىن خالاس قىلىش، دەپ تەسۋىرلەيدۇ.[34]

بۇ ماقالە كىملىك ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى دائىمىيلاشقان ئىنسانسىزلاشتۇرغۇچى رەسمىي باياناتلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانلىرىنى قانداق مۇمكىنلاشتۇرغانلىقىغا مەركەزلىشىدۇ. بىرىنچى بۆلەك ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كىملىك ئۆزگەرتىش جىددىي ئېھتىياجى ھەققىدىكى بايانلار ئارقىلىق مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىنغان، ئۆيرىتىش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ۋە ئىجازەتلىك ئىجتىمائىي ئۆلۈم سۈپىتىدە ئۇقۇملاشتۇرىدۇ (conceptualize). ئىككىنچى بۆلەك «ئېرىتىش» سىياسىتىنى شىنجاڭدىكى خەلقلەرنى مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق، مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت دەپ ئاتايدىغان، دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئېتنىسىتى ھەققىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك رەسمىي بايانلار ئىچىدە تارىخىيلاشتۇرىدۇ (historicize). ئاخىرقى بۆلەك بولسا يەرلىك سەنئەتچىلەر تەرىپىدىن كۆندىلىك ئىجتىمائىي ئۆلۈم سەرگۈزەشتىسى، دەپ تەسۋىرلەنگەن «ئېرىتىش»نىڭ «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرى ۋە دۆلەت كونتروللۇقىدىكى بالىلار ياتاقلىق ئەسلىھەلىرىدىكى ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە تەسىرىنى تەھلىل قىلىدۇ. ماقالىنىڭ يادرولۇق زاكونى (argument) شۇكى، «ئېرىتىش» تۈركىي مۇسۇلمان كىملىكلەرنىڭ پىلانلىق ئىجتىمائىي ئۆلۈمىنى شىنجاڭنىڭ خىتايچە ئەنئەنىلەر بىلەن مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈلۈشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشى دەپ ئاتاپ، كۈلتۈرەل ئەۋزەللىك

ۋە تەرەققىياتچىلىق بىلەن ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ. خىتاينىڭ «ئېتنىك مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشتەك بۇ خىل چارىسى رەزىل دۆلەتلەر ۋە كۈلتۈرلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان زوراۋانلىققا قارشى دۆلەت زوراۋانلىقىدىن ئىبارەت زەنجىرسىمان ئىنسانىي تراگېدىيەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.[35]

## 1. بۆلەك: ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ جەريانلىرى

بۇ بۆلەكتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇيۇرتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان پىلانلىق ۋە ئىجازەتلىك ئىجتىمائىي ئۆلۈم جەريانلىرى سۈپىتىدە نەزەرىيەۋىلەشتۈرۈلىدۇ. «مەلۇم بىر گۇرۇپپىنىڭ ھاياتىنىڭ ماھىيەتلىك ئاساسلىرى»نى ۋەيران قىلىش گۇرۇپپىلارنى سىياسىي نىشانلارغا قوشىدىغان تۆھپىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىشنى مەقسەت قىلغان ماس قەدەملىك دۆلەت پىلانلىرىغا تايىنىدۇ.[36] بىراق، «كەچۈرگۈسىز خاتالىقلارنىڭ گۇرۇپپىلارغا كەلتۈرىدىغان چىدىغۇسىز زىيانلىرى» ئىجتىمائىي ۋە تارقاق بولىدۇ، شۇنداقلا شەخسلەر تەرىپىدىن جىسمانىي شەكىلدە ئىجرا قىلىنىش ئورنىغا، ئۇلارغا يول قويۇلىدۇ ۋە ئىمكان يارىتىپ بېرىلىدۇ.[37] ئۇزۇن مەزگىللىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاساسەن دېگۈدەك قاتىللىق ياكى شەخسىي جىنايى مەسئۇلىيەتلەرگە چېتىلمايدۇ.[38] ئەكسىچە، رۇئاندا خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ ئەيىبلەش دېلوسىدا[39] «جىنايەتلەرنىڭ جىنايىتى» دەپ تەرىپلەنگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»نى كەسپىي بولمىغان شەكىلدە قوللىنىش، بىر گۇرۇپپىنى پىلانلىق ۋە ئىجازەتلىك شەكىلدە ۋەيران قىلىشنى مەزكۇر كاتېگورىيەنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى بۇ جىنايەت ئۆلۈم لاگېرلىرىدا قول بىلەن جىسمانىي شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان قەتلىئاملار بىلەن چەكلەنگەن. ئازاب-ئوقۇبەتنى نوقۇل جىسمانىي نۇقتىدىن چۈشىنىدىغان ئاممىباپ تونۇشلار، ھاياتنىڭ زۆرۈر شەرت-شارائىتلىرىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قالدۇرۇشنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتىپ، كىملىك توغرىسىدىكى يوشۇرۇن بىئولوگىيىلىك ئۇقۇملاشتۇرۇشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەنقىدىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەتقىقاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، «داۋاملىق بىركېناۋنى[1] ئىزدەش» ئارقىلىق، قېلىپلاشقان دېلولار ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزاھاتلارغا تايىنىۋېلىشلار يېڭى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.[40] گېرمانىيە يەھۇدىلىرىنىڭ بەشتىن بىرى 1942- يىلىدىكى قوغلاپ چىقىرىش ياكى «ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش»تىن بۇرۇنلا ۋارشاۋا گېتتودا ئۆلگەن.[41] تاكى شىنجاڭدىكى تۇغۇت چەكلەش ھەققىدىكى رەسمىي ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنغىچە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى شىكايەتلىرى ھەر قايسى ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە نەزەرگە ئېلىنماي كەلگەنىدى. جىسمانىي ئاقىۋەتلەر بىلەن قانۇنىي ئېنىقلىمىلارغا ئېسىلىۋېلىش 20- ئەسىرنىڭ دۆلەت مەركەزلىك گېئو-پولىتىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۆلەتسىز مىللەتلەر ئۇچراۋاتقان تەھدىتلەرگە سەل قارايدۇ ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىمىسىلا دۆلەت زوراۋانلىقىنى سىياسىيسىزلاشتۇرىدۇ (depoliticizing).[42] بۇنىڭ ئورنىغا، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىجتىمائىي ئۆلۈپ دەپ بېكىتكەندە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە كىملىكنى ئۆزگەرتىدىغان ئەگرى-توقاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانلىرىنى ئانالىز قىلىشقا ئىمكان تۇغۇلىدۇ.[43]

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئالىملىرى مىلوس

[1] ناتسىستلار تەرىپىدىن پولشادا قۇرۇلغان يەھۇدىي يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ـ تەرجىماندىن.

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 5- ئەسىر) ۋە كارسىج (مىلادىدىن بۇرۇنقى 146- يىل) شەھەرلىرىنىڭ يوقىتىلىشىنى تەسۋىرلىگەندە، «سۆزنىڭ يېڭى، جىنايەتنىڭ كونا» ئىكەنلىكىگە قوشۇلىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ 13- ئەسىردە ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقلىرى غەربىي شىيا زېمىنىنى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە قاتقان بولسا، 18- ئەسىردىكى مانجۇ كېڭەيمىچىلىكى شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي تېررىتورىيەسى ئىچىگە كىرگۈزگەن. مانجۇلار تەسلىم بولغان جۇڭغارلارنى يوقىتىپ، بۇ زېمىنغا شىنجاڭ (يېڭى چېگرا رايون) دەپ قايتىدىن نام بەرگەن.[45] بىراق، ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار ھەم مېخانىكىلىق ئەمەس، ھەمدە كىتابلاردا يېزىلغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈلمەيدۇ.[46] ئارىندت يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ھەققىدە ئېيتقان «تولۇق باشقۇرۇش» ئەمەلىيەتتە مېخانىكىلىق بۇيرۇقنى ئەمەس، بەلكى بىر گۇرۇپپىنى ئىجتىمائىي ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.[47] ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار ئىجتىمائىي جەھەتتىن يولغا قويۇلۇپ، بىر تۇتاش ياكى تارقاق شەخسلەر ۋە قۇرۇملار ( ئورگان) تەرىپىدىن قوزغىتىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى تەھدىت دەپ بېكىتىشتە مېخانىك رول ئويناپ، قالايمىقان بىر شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ستانتون تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى بويىچە ئېنىقلىما بېرىلگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ سەككىز باسقۇچى»، «بىز ۋە ئۇلار» دەپ ئايرىش، ئىنسانسىزلاشتۇرۇش ۋە ھەددىدىن زىيادە ئەسەبىيلىشىش بىلەن باشلىنىدۇ.[49] فېيىن ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيۇرتىش ئارقىلىق ئىرقىي يوقىتىش بولسا بەش باسقۇچ ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ (پەرقلەندۇرۇش، ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، ئايرىش، يېتىم قالدۇرۇش ۋە يىغىۋېلىش).[50] بىراق، تۇراقسىز مىقدارلار ئارىسىدىكى ئوخشىمىغان مۇناسىۋەتلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنى تۈز سىزىقتىن چىقىرىدۇ. كۇيپېر، سېمېلىننىڭ تارىخىي مۇھىتنىڭ ئىجرائاتلارنى قانداق شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانسىز، دېگەن مەشھۇر يەكۈننى چىقىرىدۇ.[51]

ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئادەتتە خەلقئارا قانۇندا بىر گۇرۇپپىنى جىسمانىي ۋەيران قىلىش نىيىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قەتلىئام، دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ. بۇ گۇرۇپپىنىڭ گەۋدىسى ساقلىنىپ قالىدۇ، بىراق ئۇنىڭ روھىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ.[52] لەمكىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئۇنىڭ كۇلتۇرەل مەقسىتى ۋە تەسىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىجاد قىلغانىدى. بىراق، نىشانلانغان گۇرۇپپىلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىق ئاجىزلاشتۇرۇشقا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا زامانىۋىلىشىش ۋە كۇلتۇرەل سىڭىشىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى سۈپىتىدە سەل قارىلىدۇ. بۇنىڭدەك سىياسىي تەرىپى ئېغىر باسقان نۇقتىئىينەزەرلەر ئىنسانشۇناسلار ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ گۇرۇپپىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ساقلاپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە نېمە ئويلايدىغانلىقىغا پەرۋا قىلماي، كىشىلەرنى كىملىكسىز بەدەنلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.[53] كلاۋدىيا كارد تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي ئۆلۈم دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ قانداق يوسۇندا شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا مەنە ئاتا قىلىپ، گۇرۇپپىلارنى گۇرۇپپا قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئاساسلىنىدۇ. جىسمانىي ئۆلۈم تىلنىڭ يوقىلىشى، ئاسارەت، قەۋم-قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىشقا ئوخشاش «چىدىغۇسىز زىيانلار»دىن بەتتەر ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەتلىئاملار گۇرۇپپىلارنى ھاياتىي كۈچىدىن ۋە كۆپىيىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن يېتەرسىزدۇر.[54]

لەمكىن گېرمانىيەنىڭ پۈتۈن ياۋروپانى بېسىۋالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق چوقۇم بىر مىللەتنى دەرھال يوقىتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى مىللىي گۇرۇپپىلارنىڭ ھاياتىنىڭ ماھىيەتلىك ئاساسلىرىنى ۋەيران قىلىشنى نىشان قىلغان ماس قەدەملىك ئوخشىمىغان ھەرىكەت پىلانلىرىنى كۆرسىتىدۇ».[55] سانائەتلىشىش ۋە ۋەيران قىلغۇچى ئىرقچىلىقتىن بۇرۇن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرگىز فاشىزمنىڭ زۆرۈر بىر تەركىبى قىسمى ئەمەس ئىدى، لېكىن گېرمان فاشىزمى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى سانائەتلەشتۈردى.[56] لەمكىننىڭ لوبىيچىلىقىدىن كېيىن، ب د ت ئىرقىي قىر-غىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى كۇلتۇرەل تەرەپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بىراق، ب د ت مۇنازىرىلىرى ئۇلار بىئولوگىيىلىك يوقىتىش، «گاز كامېرلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈش» ۋە سانائەتلەشكەن بىر پۈتۈن ئۇرۇش... قاتارىدا ئەھدىنامىگە كىرگۈزۈلسە بولمايدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.[57] ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەنىسى ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش ئىچىدىكى دۆلەتلەر ئارا سۆھبەتلەردە كېلىشىلگەن بىر مۇرەسسە سۈپىتىدە بېكىتىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئەھدىنامىنى يازغۇچىلار كۇلتۇرەل قىرغىنچىلىقنى قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە دەپ بايان قىلدى. شۇڭا ئۇ «ئىنسان ھەقلىرى ئۇنىۋېرسال خىتابنامىسى» ۋە « ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل ھەقلەر خەلقئارا كېلىشىمى»... قاتارلىقلاردا ئۇرۇش جىنايەتلىرى ۋە ئىنسانىيلىققا قارشى جىنايەتلەر سۈپىتىدە، بىر گۇرۇپپىنى ۋەيران قىلىشنى تەكشۈرۈش جەھەتتە قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. سابىق يۇگوسلاۋىيە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى ۋە رۋئاندا خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى مىللىي، ئېتنىك ياكى دىنىي گۇرۇپپىلارنى «پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقاتماقچى» بولغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق نىيىتى ۋە ھەرىكەتلىرىدىن شەكىللەنگەن كەڭ بىر مۇھىتتا سادىر قىلىنغان كىچىك كۆلەملىك ھەرىكەتلەرگە ئاساسلىنىپ، شەخسلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى سۈرۈشتۈردى.[58] ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ نىيەتكە مەركەزلىشىشى كۇلتۇرەل تەرەپلەرنى، شۇنداقلا جىسمانىي يوقىتىشنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. چۈنكى قاتىللىق (homicide)تىن پەرقلىق ھالدا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق (genocide) سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسەتمەيدۇ.[59]

ھازىرقىي زامان ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەتقىقاتلىرى لەمكىننىڭ كۇلتۇرەل مەنىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق نەزەرىيىسىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، بىئولوگىيىلىك ئىرقىي مەۋجۇتلۇققا ئاساسلانغان مىقدارلاشتۇرغۇچى نەتىجىلەردىن گۇمانلىنىۋاتىدۇ.[60] ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ لەمكىننىڭ ئۇقۇملاشتۇرۇشىغا ئاساسەن بىر گۇرۇپپىنى «پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن» يوقىتىش ھەققىدىكى ئېنىقلىمىسى ئادەتتە ئۆلۈم-يېتىم مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بىراق، كارد «قىسمەن»نىڭ تىل، دىن ۋە بالا تەربىيىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر گۇرۇپپىنىڭ ماھىيەتلىك يىلتىزلىرىنىڭ «بىر قىسمى»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى سەممىزگە سالىدۇ.[61] شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ 2004-يىلىدا مائارىپ تىلى بولۇشتىن قالدۇرۇلۇشى بىر گۇرۇپپىنىڭ ئۆزىنىڭ كۇلتۇرەل ئاساسلىرىنى يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.[62] ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانلىرى ئىچكى دۈشمەنلەرنى بېكىتىش ۋە نىشانلاش سەرخىللار يېتەكچىلىكىدىكى دۆلەت قۇرۇش مۇساپىسى بولغان تايلاند ۋە ھىندونېزىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەملىكىدىن كېيىنكى جەمئىيەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.[63] بۇ جەريانلارنىڭ ئىنسانسىزلاشتۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىشكە ئالاقىدار رەسمىي بايانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن دەسلەپكى تەكشىسىز ئېتنىك مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئايرىپ چىقىش، كەڭ كۆلەملىك

زوراۋانلىقتىن بۇرۇن ۋە كەڭ كۆلەملىك ئۆلۈم-يېتىمنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئەھۋاللاردا ئۇيۇرتۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەكشۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ.[64] شىنجاڭدىكى دەسلەپكى ئاگاھلاندۇرۇش سىگناللىرى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ 1950-يىللار چىقارغان شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۇلار «دىنىدىن ۋاز كېچىش»كە مەجبۇر بولۇشتىن بۇرۇن قارا تىزىملىككە ئېلىش قارارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[65]

تەنقىدىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەتقىقاتلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تېز سۈرئەتتە كەڭ كۆلەملىك ئۆلتۈرۈش، دەپ قارايدىغان «جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يېتەرسىز» چۈشەنچىلەرنى تەنقىدلەيدۇ.[66] يەنە كېلىپ، بۇ خىل جىسمانىي رامكىلاشلار گۇرۇپپىلار ھەققىدىكى بىئولوگىيىلىك پىكىرلەرنى قايتىدىن قاناتلاندۇرۇپ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئىمكان تۇغدۇرىدۇ، شۇنداقلا كىملىك ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىي كۈچتىن تەدرىجىي مەھرۇم قالدۇرۇشنىڭ ئەخلاقىي رەسمىيلىكىنى ئاجىزلىتىدۇ. دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى ئاز سانلىق ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلىشىنىڭ ئالامەتلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى مۇزاكىرىلىرىدە بۇ ھەرىكەتلەرنى كۇلتۇرەل قىرغىنچىلىق سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان.[67] ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى مۇنازىرىلىرى يەرلىك خەلقلەرنى ئۇيۇرتۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پەقەتلا كۇلتۇرەل ياكى قىممەتتىن خالىي زامانىۋىلىشىش سۈپىتىدە ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلغان. نەتىجىدە، تېراگېدىيىلىك ھالدا ئۆزلىرى ساقلانماقچى بولغان گېرمان فاشىزمىنىڭ گۇرۇپپىلارنى بىئولوگىيىلىك - ئىرقىي ئۇقۇملاشتۇرۇشىنى قايتىدىن تەكرارلىغان.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرگىزمۇ نوقۇل غەيرى ئەقلىي، مىقدارلاشتۇرغىلى بولىدىغان زىيانلارنىڭ بىردىنلا پارتلىشى ئەمەس. كامبودژا، ۋارشاۋادىكى گېتتو ۋە سۇداندىن توپلانغان تەجرىبىۋى پاكىتلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ «شەخسلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى»غا تۇتىشىدىغان «بىۋاسىتە قاتىللىق ۋەقەلىرى» ئەمەس، بەلكى مۇرەككەپ، ئۇزۇن مەزگىللىك كۇلتۇرەل يوقىتىش جەريانلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.[68] جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي دەپ ئىككىگە ئايرىش يا غەربچە، يا زامانىۋى بولمىغان تەدرىجىي ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنى گۇناھتىن خالاس قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك ئۆلتۈرۈشكە مەركەزلىشىش تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار ئوخشىمىغان شەكىللەردە تەدرىجىي ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ھال ئوخشىمىغان مۇھىتلاردا ئوخشىمىغان لوگىكىلارنى قوللىنىشنى يوللۇقلاشتۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار ئىجتىمائىي ئۆلۈم سۈپىتىدە سۈپەتچىل شەكىلدە باشتىن كەچۈرۈلىدىغان چىدىغۇسىز زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېيىنكى بۆلەكلەردە خىتاينىڭ ئېتنىك سىياسىتى ھەققىدىكى رەسمىي بايانلارنىڭ قانداق قىلىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئۆلۈمگە يول ئاچقانلىقى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 2. بۆلەك: ئىجتىمائىي ئۆلۈم سۈپىتىدە «ئېرىتىش»

بۇ بۆلۈمدە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ھازىرقى «ئېرىتىش» سىياسىتى، بولۇپمۇ خىتاينىڭ تارىخىي «مىللىي مەسىلە» (民族问题) ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ تۈركىي مۇسۇلمانلارنى ئارىغا ئېلىش ۋە چەتكە قېقىشنى قانداق شەكىللەندۈرگەنلىكى تارىخىيلاشتۇرۇلىدۇ. خىتاينىڭ تەدبىر بەلگۈ-لىگۈچىلىرى بىلەن ئىنسانشۇناسلىرى 1950-يىللاردىن تارتىپ «ئېرىتىش» توغرىسىدا مۇنازىرە

قىلىشقا باشلىغان. بىراق، 2009 - يىلىدا مەيدانغا كەلگەن خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى زوراۋانلىقتىن كېيىن، خۇ جىنتاۋنىڭ «ئالاقىلىشىش، ئارىلىشىش ۋە ئېرىتىش»نى شىنجاڭدىكى «بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن بولغان تۈگىمەس كۈرەش»نى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە «مىللىي مەسىلىنى» ھەل قىلىش ئۈچۈن پارتىيە سىياسىتى سۈپىتىدە جاكارلىشى بىلەن، «ئېرىتىش» تۈنجى قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىدا ئۈچۈق-ئاشكارا بىر سىياسەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.[69] شى جىنپىڭ «ئەبەدىي ئەمىنلىك»، «ئېرىتىش» ۋە »ھالقىما تەرەققىيات»نى پارتىيە دۆلىتىنىڭ شىنجاڭدىكى «ئۇلۇغۋار ۋەزىپىسى» قاتارىدا ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «چېگرا رايونغا جايلىشىش خىتاينىڭ چېگرا رايونلارنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مىڭ يىللىق تارىخىي مىراسىدۇر».[70] بىراق، ئۈچۈق-ئاشكارا «دىنىي خىتايچىلاشتۇرۇش» سىياسىتى ۋە شى جىنپىڭنىڭ «ھەر مىللەتنى ئېرىتىش»[71] دېگەن «قايناق» ئىبارىسىدە ئالاقىلىشىش بىلەن ئارىلىشىشقا سەل قارىلىدۇ، ھەتتا خىتاينىڭ كۈلتۈرەل بىرلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن مەشھۇر «كۆپ خىللىق ۋە ئىناقلىق» ئۇقۇملىرى كەينىگە چېكىندۈرۈلىدۇ.[72] جېيمىس لېيبولد شى جىنپىڭنىڭ «كۈلتۈرەل بىرلىك ھەر مىللەتنىڭ روھى» دېگەن سۆزىنى سىياسەتنىڭ ئېتنىك-كۈلتۈرەل كۆپخىللىقتىن «زەھەرخەندە» كۈلتۈرەل مىللەتچىلىككە قايغانلىقى، دەپ قارايدۇ.[73] بىراق، بىزنىڭ تەھلىلىمىز خىتاينىڭ 1949-يىلىدىن بۇيانقى ئېتنىك سىياسىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن «ئېتنىك مەسىلە» نى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «ئېرىتىش» نىڭ نامدىكى كۈلتۈرەل كۆپخىللىقتىن قانداق قىلىپ تەدرىجىي ھالدا ئاشكارا ئاسسىمىلاتسىيەگە بۇرۇلغانلىقىنى تارىخىيلاشتۇرىدۇ.

شى جىنپىڭ[74] ۋە ئاممىۋى زىيالىيلار[75] «ئامېرىكىدىن كېيىنكى دەۋر» دىكى غەربنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ئىبارەت «يېڭى شارائىت»نى خەلقئارالىق ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەڭداشسىز ئىستراتېگىيىلىك «پۇرسىتى» دەپ سۈپەتلەيدۇ. «ئېرىتىش» سىياسىتىنىڭ ۋاقتى دەل غەرب ئۆز ئىچىگە يۈزلەنگەن، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى كېڭىيىۋاتقان «ئىنتايىن مۇقىم مەزگىل»دىكى «پۇرسەت»كە توغرا كېلىدۇ.[76] «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» جەريانىدا، ستالىننىڭ 1931-يىلىدىكى «قالاق مىللەتلەر بوزەك بولىدۇ» دېگەن شوئارى ئاممىۋى زىيالىيلار تەرىپىدىن 19-ئەسىردىكى مانجۇ ۋە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كۈرەش سۈپىتىدە قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ 20- ئەسىردىكى خىتاينى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە بېخەتەرلەشتۈرۈش ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ۋەھالەنكى، «ئېرىتىش» ھەققىدىكى بۇ چۈشەندۈرۈشلەر خىتاينىڭ يىمىرىلمەس «ئۇلتۇراقلاشقۇچى كۈلتۈرى» ۋە چېگرا رايونلىرىدىكى «ئېتنىك مەسىلە»گە دائىر بايانلىرىغا ئورناپ كەتكەن.

مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ «ياۋايىلار» جايلاشقان «غەربىي يۇرتلار»غا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامى 1884- يىلىدا «يېڭى چېگرا رايون» (شىنجاڭ)غا ئۆزگەرتىلگەن.[78] ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە بۇ ئىسمنى مۇستەملىكىنىڭ ئاسارىتى دەپ قاراپ رەت قىلىدۇ ۋە ئومۇمەن شەرقىي تۈركىستان ياكى ۋەتەن دەپ ئاتاشنى ياقتۇرىدۇ. 19-ئەسىردە مانجۇ ئوردىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا رۇخسەت قىلىش-قىلماسلىق ھەققىدىكى مۇنازىرىلەردە شىنجاڭ «قاقاس يەر» سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.[79] ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەي بۇ زېمىن ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى خىتاينىڭ گېئو-پولىتىكىلىق «ئىستراتېگىيىلىك شاھمات

تاختىسى»دىكى ئۇرۇقلار، دەپ قارىغان.[80] خىتاي قىسىملىرى شىنجاڭنى «تىنچ ئازات» قىلغاندىن كېيىن، قازاق قوراللىقلىرى بىلەن سوقۇشقان، بۇ قازاقلار رەسمىي مەنبەلەردە «باندىتلار» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل ۋەزىيەت 1950- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان.[81] ماۋ بىلەن جۇ باشتا ھەممە مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان.[82] لېكىن 1949- يىلىدىن كېيىن سوتسىيالىزم ئاستىدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ «ئەكسىيەتچىلىك» (reactionary) ئىكەنلىكىنى، رايونلۇق ئاپتونومىيەنىڭ خىتاي مىللىتى ياشىمايدىغان رايونلارنىڭ كونتروللۇقىنى ساقلايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.[83] پارتىيە دۆلىتىنىڭ بايانلىرىدا ۋە خ خ ج نىڭ ئاساسىي قانۇنىدا خىتايدىكى 56 مىللەتنىڭ شەكلەن باراۋەرلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.[84] بىراق، خىتاينىڭ رايونلۇق ئاپتونومىيە قانۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى «ھەرگىز ئايرىلىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان» شەكىلدە لايىھەلەنگەن. بۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر «زامانىۋىيلاشتۇرۇلۇشى» كېرەك ۋە ئۇلارنىڭ «ئىلمىي سەۋىيىسى» دۆلەت تەرىپىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كېرەك، دېگەن مۇستەملىكىچىل بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.[85]

2012- يىلىدىن بۇرۇن، خ ك پ نىڭ نامدىكى كۆلتۈرەل كۆپخىلچىلىقى ئوخشىماسلىقلارنى قارشى ئالاتتى، بىراق، ئاستا-ئاستا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈم بېكىتىش ۋە سىياسەت بەلگىلەش بىلەن چەكلىنەتتى. تەرەققىياتچىل قوش كىملىك ھەققىدىكى بايانلار پارتىيە دۆلىتىنىڭ تارىخچىلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. سىياسەت ھۆججەتلىرى ياۋايىلارنىڭ خىتاي بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، چۈنكى «ئىلغار» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەرىپىدىن «ئازات» قىلىنىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ «قالاق» ۋە «چېگرا رايون»نىڭ ناچار تەبىئىي ياشاش شارائىتىغا مەھكۇم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.[86] يەرلىك خەلقلەرنى «كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسە» بىلەن تەمىنلەيدىغان «چېگرا رايون قورغۇچى» خىتايلار بىلەن ئات ۋە باشقا تەبىئىي مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش «ئاددىي نەرسىلەرنى» ئېلىپ-سېتىش ياۋايىلارنى «قەدىمدىن تارتىپ» خىتاي خەلقىنى شەكىللەندۈرگەن «ئۆز-ئارا تولۇقلايدىغان ئىگىلىك»نىڭ ئىچىگە كىرگۈزگەن.[87] بۇ خىل خىتاي مەركەزلىك رەسمىي بايانلار تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە مەدەنىيەت ئۈستۈنچىلىكى بىلەن گىرەلىشىپ، قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك بەرپا قىلىشىنى «ئىشلەپچىقىرىش شەكلى» (چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىق)قا باغلاپ قويغان. خىتايلارنىڭ تۈگمەس «ئاكتىپ روھى» ۋە «ئىلغار» چېگرا رايون قورۇش كۈلتۈرى بولسا ماددىي مەنبەلەردىن ھالقىپ كەتكەن.[88] خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى رەسمىي نېگىزلىك بايانلىرى روزۋېلتنىڭ بىر «بۈيۈك قورۇقلۇق»نى «مەينەت ياۋايىلار»دىن قۇتقۇزۇۋالغان «يەرلەشكۈچىلەر ۋە ئاۋانگارتلار» دېگەن سۆزىگە ۋە گېنېرال روكانىڭ «تەرەققىيات ۋە بەختەرلىك ئۈچۈن «ياۋايىلار»نىڭ «مۇنبەت زېمىنى»نى بېسىۋالغان «جەسۇر خەلق» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.[89]

«بىر مىللەت، بىر دۆلەت» چۈشەنچىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت سۈپىتىدە خىتاينىڭ «دۆلەت ئەھۋالى»غا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دېگەن قاراش 1949- يىلىدىن تاكى شى جىنپىڭ دەۋرىگىچە ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئىلىم ساھەسىنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ كەلگەن.[90] پارتىيە دۆلىتى ئېتنىك ۋە مىللىي كىملىك ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى «ئېتنىك مەسىلە» دەپ تەسۋىرلەپ، ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى «ئىلمىي» ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قانۇنىي جەھەتتىن باراۋەرلىك بېرىش ئارقىلىق ھەل قىلغان.[91] تارىخىي ماتېرىيالىستىك سىنىپىي ئاڭ بولسا خىتاينىڭ «ئېتنىك باستۇرۇش» تارىخىنى

ئاخىرلاشتۇرۇپ، «تەبىئىي» ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى تەشۋىق قىلىش ئىدى.[92] شىنجاڭنىڭ خىتايدىكى ئورنىنى بېكىتىدىغان ئوچۇق-ئاشكارا گېئو-پولىتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر خ ك پ نىڭ ئېتنىك تۈرگە ئايرىش قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى. نەتىجىدە، «جۇڭخۇا مىللىتى» دېگەن ئۇقۇم لياڭ چىچاۋ ۋە سۇن جۇڭشەن ئوتتۇرىغا قويغان خۋاڭدى (سېرىق ئىمپېراتور)نىڭ ئەۋلاتلىرى بولمىش «خەن ئىرقى»نى كۆرسىتىشتىن، 56 مىللەتنى كۆرسىتىدىغان ھالغا كەلدى.[93] خ ك پ خىتاينىڭ ئېتنىك تۈرگە ئايرىش قۇرۇلۇشىدا «ئىلمىي ماركسىزم»غا ئەھمىيەت بەردى، بىراق، نەسەب خاتىرىسىنى قوللىنىپ،[94] كۆپ سانلىق خىتايلارنى خىتاي بولمىغانلاردىن ئايرىشقا كۆڭۈل بۆلدى. شۇنىڭ بىلەن، خىتاينىڭ «55+1» شەكلىدىكى ئېتنىك فورمۇلاسى تۈزۈلدى.[95] خەنلەر ئولتۇراقلاشقان خىتاي رايونى بىلەن ياۋروپا ئىمپېرىيەلىرى ئارىسىدا بىخەتەر چېگرا رايون بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ ئېنلەينىڭ ئېتنىك مۇناسىۋەتلەرنى گېئو-پولىتىكىلىق ئىستراتېگىيىلىك شاھمات ئويۇنى دەپ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، «چوڭ خىتايچىلىق شوۋىنىزمى» بىلەن «يەرلىك مىللەتچىلىك» دۆلەتنىڭ نىشانلىرى ئالدىدىكى چوڭ توسالغۇ ھېسابلىناتتى.[96] بىراق، خەنلەرنىڭ «سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كۇلتۇرەل تەرەققىيات»ىدىكى «يۈكسەك سەۋىيىسى» ئۇلارغا «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە كۇلتۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن ئىبارەت «ئالاھىدە مەسئۇلىيەت»نى ئاتا قىلغان.[97] دېڭ شياۋپىڭ «تۈگمەس» كەمسىتىشنى «بۇرژۇئا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى»نىڭ «زىيانكەشلىكى» دەپ قارىغان، ھەمدە ئىقتىسادنىڭ «مىللىي مەسىلە» نى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.[98] شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئاخىرقى نىشان خىتاي كىملىكى (يەنى جۇڭخۇا مىللىتى) ئىدى. تارىخىي ماتېرىيالىزمنى قوبۇل قىلىش خىتاينىڭ ئىمپېرىيە ئۆتمۈشىنى مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش ئورنىغا، ئېتنىك مەركەزلىك تەرەققىيات قاراشلىرىنى ئىمپېرىيەچىل ئىككىلىك (مەدەنىيلىك/ياۋايىلىق)نىڭ ئۈستىگە قويدى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئېتنىك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بۇرۇندىن تارتىپ خىتاينى «كۆپخىللىق ۋە بىرلىك» ئىچىدىكى 56 مىللەتلىك دۆلەت؛ خەنلەرنى بولسا ئۇنىڭ «ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى» سۈپىتىدە تەسۋىرلەش بولدى.[99] بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش لوندون ئىقتىساد مەكتىپى (LSE) دە بىلىم ئالغان قۇرۇلمىچىل فۇنكسىيەچى فېي شياۋتۇڭنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ شەكىللىنىشىنى خەنلەرنىڭ زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ياۋايىلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشى (خەنلەر ئۈچۈن يېڭى قان بولۇشى)غا باغلايدۇ.[100] موڭغۇل ئىنسانشۇناس جيەن بوزەن «ئېرىتىش»نىڭ خىتاينىڭ «ئېتنىك باستۇرۇش» تارىخىنى يوشۇرۇپ، شوۋىنىزمچە ئاسسىمىلاتسىيەنى تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[101] بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ خەن مەركەزلىك «ئېرىتىش»نى قوبۇل قىلىشى جېجياڭ ئېقىمىدىكى فەن ۋېنلەنگە تۇتىشىدىغان شوۋىنىست تارىخچىلىقنى تەكرارلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، خەن كىملىكى ساپ، ئۈستۈن ۋە چىن-خەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221- يىلدىن مىلادى 220- يىلغىچە) دەۋرىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن. بۇ ئېنىقكى، ھازىرقى زامان خىتاي سىياسىي قۇرۇلۇشىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىملىكلىرىگە زىت كېلىدۇ.[102] ھازىر تۈركىي ۋە ئىسلامىي كىملىكلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يات غەربنىڭ «مۇستەملىكە ئويۇنلىرى» سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.[103] شىنجاڭدىكى مەكتەپلەر، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە كادىر تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا قوللىنىلىدىغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» دەرسلىك كىتابلىرىدا، خەنلەر «ئۈستۈن مىللەت»، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنىڭ

«يوقىلىشى» تەرەققىيات ۋە «زامانىۋىيلىشىش»نىڭ «مۇقەررەر مەھسۇلى» دەپ بايان قىلىنىدۇ.[104] پارتىيە دۆلەتنى يەرلىك كۈلتۈرلەرنى مەقسەت نۇقتىسىدىن كېرەكسىز، كۈلتۈر جەھەتتىن بېتەرەپ «زامانىۋىيلىشىش» سۈپىتىدە يوقىلىشقا مەھكۇم دەپ ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق، جۇڭخۇا مىللىتىنى غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنى تەنقىدلەيدىغان ئاساسلار بىلەن تەرىپلەيدۇ. نەتىجىدە، زېمىننى بىخەتەر قىلىپ، كىملىكلەرنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت دۆلەت قۇرۇش نىشانلىرى ياۋروپانىڭ مۇستەملىكىچى ۋە فاشىستىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقلىرىنى يوللۇق قىلىپ كۆرسىتىدىغان مەقسەتچىل تارىخ چۈشەنچىسى[105] بويىچە شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنى ئارتۇقچە قىلىپ قويىدۇ.

خ ك پ نىڭ 21- ئەسىردىكى ئىمپېرىيە ئەنئەنىسى، ياۋروپا مۇستەملىكىچى ئىدىيىسى ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، بەش مىڭ يىللىق پۇختا خىتاي مەدەنىيىتى ۋە «ئېرىتىش» ئارقىلىق شىنجاڭنى قايتىدىن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. گەرچە ماۋنىڭ «سىنىپىي كۈرىشى» بىلەن خۇنىڭ «ئىلمىي تەرەققىياتى» ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي پىلانلارنى سۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىملىكلىرىنى ئىقتىسادقا نىسبەتەن سەلبىي ئۇستقۇرۇلما دەپ قارىغان ۋە ماددىي شەرت-شارائىتلارنىڭ تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە ئارقىلىق «ئېتنىك مەسىلە» نى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.[106] جيەن بوزەن «ئېتنىك يوقىلىش»نى تەبىئىي كۈلتۈرەل ئېرىتىشنىڭ ئەكسىچە، ۋەھشىي، غەربچە مۇستەملىكە قىلىش دەپ تەسۋىرلىگەن.[107] بىراق، يوقىلىش ۋە «مىللەتلا بولىدىكەن، مىللىي مەسىلە مەۋجۇت بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىنىڭ شوئارلىرى خۇ دەۋرىدە قايتىدىن باش كۆتۈردى.[108]

2009- يىلىدىن كېيىنكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى» ماتېرىياللىرىدا «ئېرىتىش» «تارىخىي تەرەققىيات»نىڭ «يۇقىرى پەللىسى» سۈپىتىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «ئېتنىك يوقىلىشى»دىن دېرەك بېرىدۇ.[109] شىنىڭ چۈشەنچىسى خىتايدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك مۇنازىرىلەرگە ئاساسلانغان ۋە تەدرىجىي ھالدا ئاسسىمىلاتسىيە تەرەپكە بۇرۇلغان. مەسىلەن: «ئالاقىلىشىش، باردى-كەلدى قىلىش ۋە ئېرىتىش»نىڭ رەسمىي سىياسەت بولۇپ يولغا قويۇلۇشى 2010- يىلىدا ئېچىلغان شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىدا بېكىتىلگەن. نېمىلا بولمىسۇن، شىنىڭ ئېتنىك سىياسىتى كۆپخىللىق ۋە تەرەققىيات ئورنىغا، دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى «ئېرىتىش»، ئىناقلىق ۋە بىخەتەرلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ مىللىي «زىددىيەتلىرى»نى ھەل قىلىش سۈپىتىدە رەسمىي ئالقىشلاندى.[110]

تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، 2012- يىلى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىككىنچى ئەۋلاد» مىللەتلەر سىياسىتى ئالىملىرىغا سەزگۈر سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە بىر تور سۇپىسى قۇرۇپ بېرىلدى. ئۇلار سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ كۆپخىللىق بىلەن بىرلىك ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئېرىتىپ جۇڭخۇا مىللىتى ياكى دۆلەت مىللىتىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كاتېگورىيىسىنى ئېتىراپ قىلماسلىقنى، رايونلۇق ئاپتونومىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ۋە يالغۇز خىتاي تىلىدىكى مائارىپنى تەۋسىيە قىلدى.[111] تارىخىي ماتېرىيالىزمچى «بىرىنچى ئەۋلاد» رايونلۇق ئاپتونومىيە ۋە ئېتنىك باراۋەرلىكنىڭ خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلايدىغانلىقىنى؛ ئېتنىستلار (مىللەتلەر)نىڭ بولسا تەرەققىيات

بىلەن بىرگە تەبىئىي يوقىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.[112] «بىرىنچى ئەۋلاد» تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، كۆپخىللىقنى خىتاينىڭ ئەنئەنىسى، «ئېرىتىش»نى «خەن شوۋىنىزمى» دەپ ئاتاپ، خىتاي رەھبەرلىرىنى «غەربنىڭ ئوخشاش خاتالىقلىرىنى تەكرارلاشتىن» ئاگاھلاندۇردى.[113] دۆلەت تەشكىللىگەن بۇ سۇپا خىتاينىڭ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە مانجۇلار بىلەن ياۋروپا جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەشتە«بەش مىللەت»نى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ياكى چەتكە قېقىش توغرىسىدا ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەرنىڭ لوگىكىسىنى قايتىدىن تەكرارلىدى.[114] 2012- يىلىدىكى بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ تېگىدە خىتاينىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن خىتاي بولمىغان قالاق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۆلۈمىگە ئىمكان يارىتىش ياكى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق «ئېتنىك مەسىلىنى» ھەل قىلىش كېرەك، دېگەن لوگىكا ياتاتتى.[115]

دېگەندەك، شىنىڭ پارتىيە 19- قۇرۇلتىيىدىكى سۆزلىرىدە كادىرلارنى ئىشقا قويۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنمىدى، بۇنىڭ ئورنىغا يالغۇز «جۇڭخۇا مىللىتى» دېگەن سۆز 43 قېتىم، «بۈيۈك يېڭىدىن گۈللىنىش» دېگەن سۆز 27 قېتىم تەكرارلاندى.[116] نۆۋەتتە مىللەت دېگەن سۆز رەسمىي مەنبەلەردە جۇڭخۇا مىللىتىنى، تېخىمۇ توغرىسى «خىتاي ئىرقى»نى كۆرسىتىدۇ. ما رۇڭ، شى جىنپىڭ دەۋرىدە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە تەبىئىتى ياكى ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ تەكىتلەنمىگەنلىكىنى»، ئۇلارنىڭ «ئېرىپ بىر چوڭ ئائىلىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى» ۋە «تارىخنىڭ يۆنىلىشى»گە قاراپ ماڭغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ.[117] شىنىڭ «كوللېكتىپ ئاڭ» قارىشى[118] ئورگانىك بىرلىكنى كۆپخىللىقنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا ۋە «مىللەت سۆزلىمى»دىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئۈندەيدۇ.[119] شىنىڭ كىملىكنى «تارىخىي» قايتىدىن شەكىللەندۈرۈشى خىتاي بولمىغان خەلقلەرنى پەرقلىق ئەمەس، بەلكى «مەدەنىيەت جەھەتتىن قالاق» ۋە ئارقىدا قالغان دەيدىغان ئىمپېرىيە دەۋرىنىڭ كونا ئەنئەنىلىرىنى يېڭىۋاشتىن تىرىلدۈردى. بۇ «غەربچە» مىللەت چۈشەنچىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىق، غەربچە ئاسسىمىلاتسىيەنىڭ ئەكسىچە، ياۋايىلارنى «جەلپ قىلىش» ئارقىلىق، «تەربىيىلەپ خىتايغا ئايلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىمپېرىيە دەۋرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى تىرىلدۈرۈش، دەپ ئاتىلىدۇ.[120] خىتاي قىلىپ تەربىيىلەش لاگېر سىستېمىسىدىكى «ئۆزگەرتىش تەربىيىسى» دېگەن ناملاردا ۋە «كەسپىي تەربىيىلەش» (خىتايچە ئۆگىنىش ۋە شى جىنپىڭنى مەدھىيىلەش...) نى چۈشەندۈرىدىغان تەشۋىقات ۋىدېئولىرىدا كۆرۈلىدۇ.[121] شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ 2015- يىلىدىكى «ئۇيغۇر كۇلتۇرى» كۆرگەزمىسىدە (رەسىم 1) بۇ خىل ئىككىلىك يۇقىرى-تۆۋەنلىك مۇناسىۋەتلىرى زامانىۋى خەن «چېگرا قۇرغۇچىلار» تەرىپىدىن تۈگىتىلگەن يادىكارلىقلار سۈپىتىدە ئالقىشلانغان. «ئېرىتىش»تىن كۆزلەنگەن نىشان بولسا غەربلەشمىگەن خىتاي ۋە قالاق چېگرا رايوندىكى ياۋايىلارنىڭ زامانىۋىلاشقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنلىرى تەرىپىدىن خىتايلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

خەن مەركەزلىك «ئېرىتىش» ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش» بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەريانلىرى 1949- يىلىدىن بۇيان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاستا-ئاستا ئىجتىمائىي ئۆلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. «ئېرىتىش» ئۇيغۇرلارنى مەقسەتچىل تەرەققىيات ئىچىدە «قالاق»، «تارىخنىڭ قالدۇقى»، «مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئويۇنلىرى» ۋە «تارىخنىڭ يۆنىلىشى» ئالدىدىكى پۇتلىكاشاڭ سۈپىتىدە جىسمانىي جەھەتتىن قورشاپ، كۇلتۇر

جەھەتتىن قايتا قۇرۇپ چىقىدۇ. خىتاينىڭ كۆپ مىللەتلىك رايونلۇق ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئەسلىدە چېگرا رايونلارنىڭ كونتروللۇقىنى ساقلاش ۋە مانجۇلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەرنى «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئۈچۈن لايىھىلەپ چىقىلغان. خ ك پ نىڭ تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە تەرەپكە يۈزلىنىشى -2004 يىلىدا بىر تىللىق مائارىپقا، -2009 يىلىدىن كېيىن «ئېرىتىش»كە قاراپ بۇرۇلغان «ئولتۇراقلاشقۇچى كولتۇر» ۋە «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ھەققىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك بايانلارغا ئاساسلىنىدۇ. ما رۇڭ خىتاينىڭ ئەنئەنىلىرىنى تىرىلدۈرۈش ۋە «زامانىۋىلاشقان بىر دۆلەتكە ئايلىنىش» ئۈچۈن بۇ خىل سىياسەتنى زۆرۈر، دەپ قارىغان.[122]



«ئۇيغۇر كولتۇرى» كۆرگەزمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، 2015. رەسىم ئاپتور تەرىپىدىن تارتىلغان.

رەسمىي تېكستلەردە خىتاي تىلىنىڭ تۈركىي تىللاردىن پەرقلىق ھالدا، «زامانىۋى ئۈچۈرلارنى» يەتكۈزەلەيدىغان «مۇنەۋۋەر تىل» ئىكەنلىكى، خەنلەرنىڭ «ئۈستۈن ئىنسانلار» ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن.[123] -2012 يىلىدىكى ئىتنىك سىياسەت مۇنازىرىلىرى جەريانىدا، «ئېرىتىش» كىملىكلەرنى قايتىدىن تەشكىللەيدىغان، شۇنداقلا يېڭى يەرشارىۋى كۈچ ۋە ئىچكى خەۋپ دەۋرىدە خىتاينى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ئېنىق بىر سىياسەت بولۇپ شەكىللەندى.

## 3. بۆلەك: شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ئۆلۈم

بۇ بۆلەكتە تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى ۋە باللار ئۈچۈن قۇرۇلغان بىخەتەر «مەركەزلەشتۈرۈلگەن ياتاقلىق ئەسلىھەلەر» ھەققىدىكى بايانلارغا مەركەزلەشكەن ھالدا، شىنجاڭدىكى «ئېرىتىش»نىڭ تەتبىقلىنىشى ۋە تەسىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلىدۇ. -2009 ۋە -2015-2014 يىللىرى مەيدانغا كەلگەن خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى زوراۋانلىقلاردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان لاگېرلار

ۋە باللارنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىشلار «ئېرىتىش»نى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ۋە «ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش» جەريانلىرى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلدى. پارتىيە دۆلىتى مىللەتلەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى شىنجاڭدىكى خەلقلەرنى «قالاق» دەپ قارايدىغان تەيىيار بايانلار ئارقىلىق ئىزاھلىدى. 2009-يىلىدا، شىنجاڭدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەرەققىي قىلغان خەنلەر بىلەن كەينىدە قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسلىنىدىغانلىقى، بۇنىڭ «دۆلەتنىڭ كۈچى» ۋە بۈيۈك قايتا گۈللىنىشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.[124] ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار ئادەتتە تەھدىتكە يولۇققان دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.[125] بىراق، بۇ يەردە خەتەرگە يولۇققىنى ماددىي مەۋجۇتلۇق ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلغان كىملىكتۇر، يەنى خىتاي بولمىغان كىملىك ھايات-ماماتلىق تەھدىتتۇر. خەلقئارالىق تاراتقۇلار «بىركېناۋنى ئىزدەش» بىلەن بولۇپ كېتىپ، يەرلىك سەنئەتچىلەر، زىيالىيلار تەسۋىرلىگەن ئىجتىمائىي ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك بايانلارغا سەل قارايدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سۈپىتىدە تونۇلماي داۋام قىلىشىغا ئىمكان يارىتىدۇ.

«ئېرىتىش» سىياسىتى پارتىيە دۆلىتىنىڭ ئېتنىك زوراۋانلىقىنىڭ ھالقىلىرىنى كۆمپەيكۈم قىلىش ھەققىدىكى يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىۋېرسال مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ماتېرىياللىرىدا زوراۋانلىق كىملىك ھەققىدىكى بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، تۈركىي كىملىكلەر تەھدىت دەپ بېكىتىلىدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلدى. يالغۇز «ئۈچ خىل رەزىل كۈچلەر» (بۆلگۈنچىلەر، تېرورىستلار ۋە رادىكاللار) پارتىيە دۆلىتىنى «ئۇيغۇرلار تۈرك ئەمەس، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان ئەمەس» دېيىشكە ئېلىپ باردى.[126] 2009- يىلىدىكى كەڭ كۆلەملىك زوراۋانلىق[127] خىتاينىڭ «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە «دۆلەتنىڭ چۈپرەندىلىرى»گە قارشى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن « ھايات-ماماتلىق سىياسىي كۈرەش»، دەپ تەسۋىرلەندى.[128] خ ك پ شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى خەلقلەرنى «ئانارنىڭ دانىسىدەك» زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «ئېرىتىش» ئارقىلىق كىملىكلەرنى قايتىدىن بەرپا قىلىپ، بۇ ھالقىلارنى كۆمپەيكۈم قىلماقچى، شۇنداقلا جاھانگىرلىك، مىللەتچىلىك ۋە شوۋىنىزم ئارىسىدىكى ئىپادە قارمۇ-قارشىلىقلىرىنى تۈگەتمەكچى بولدى.[129] «ئېرىتىش» 2017-يىلىدىن باشلاپ «تەربىيىلەش مەركەزلىرى» نامىدىكى كەڭ كۆلەملىك قانۇنسىز تۇتۇش لاگېرلىرىنى، «باللارنى قوغداش مەركەزلىرى» نامىدىكى پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىش ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. 2018- يىلىغىچە، ئالىملار رەسمىي رەقەملەرگە تايىنىپ، چېن چۈەنگو رايونغا پارتىيە سېكرېتارى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە 2015-يىلىدا «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش»نىڭ سالمىقى كۈچەيتىلگەندىن بۇيان بىر يېرىم مىليون كىشىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى تەخمىن قىلدى.[130] خ ك پ شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيىدىكى تۇتۇپ سولاش ۋە پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىپ تاشلاشنى يەرلەشكۈچى مۇستەملىكىچىلىك دەپ سۈپەتلەيدۇ-يۇ، ئۆزىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى «ئېرىتىش» ھەرىكەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى مۇناسىپ ئىنكاس دەپ تەسۋىرلەيدۇ، چۈنكى «خۇشاللىق ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇقتۇر».[131]

مۇھەممەت ئابدۇمىجىت

ئاساسىي مەزمۇن: تەشۋىقات ئۇقۇمى كۆپىنچە كىشىلەرگە ناتونۇش بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە كىشىلەر ئاز. مېدىيا ياكى ئاخبارات دېيىلگەن ھامان كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىگە تەشۋىقات كېلىدۇ. بۇ قىسمەن توغرا بولسىمۇ، تەشۋىقات ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا يېتەرسىز. ئاخبارات مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە ۋە يېڭىلىقلارنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەردىن خاتىرلەنگەن ھالىتى، ئاخباراتچىلىق بۇلارنى تارقىتىش پائالىيىتى بولۇپ، خەۋەر قىممىتىگە ئىگە مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپىدىغان يۇقىرىقى جەرياننىڭ تەشۋىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋاستە ۋە تېخنىكىلار قوللىنىلىشى كېرەك. ئاخباراتچىلىق يۈز بەرگەن مەلۇم بىر ھادىسىنى مەلۇم بىر نۇقتىئەنەزەردە تۇرۇپ خەۋەرلەشتۈرۈپ ئاۋامنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن قىلىنسا، تەشۋىقاتچىلىق مەلۇم بىر نۇقتىئەنەزەردە تۇرۇپ تەييارلانغان ئىدىيەنىڭ ھەرخىل تېخنىكىلىق ۋاستە ۋە قايىل قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاۋامنى كۆزلىگەن يولدا كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئاخبارات ۋە تەشۋىقات مەيلى ئۇقۇم ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تەتبىقلاش ئۇسۇلى ۋە جەريانى جەھەتتىن بولسۇن بىر-بىرىگە زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن. ئاخبارات ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە تەسىر كۈچىنى بىلىش تولىمۇ مۇھىم.

ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى ياكى مېدىيا دەپ ئاتىلىۋاتقان گېزىت، ژۇرنال، كىتاب، رادىيو، تېلېۋىزور، كىنو، ئىنتېرنېت قاتارلىقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بار. بۈگۈنكى كۈندە، ئىنتېرنېت ۋە يېڭى مېدىيا تېخنىكىلىرى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرىنىڭ (مېدىيا) تەسىر كۈچى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئاخبارات، تەشۋىقات، مېدىيا، سىياسىي كۈچ، ئىدېئولوگىيە**

**ABSTRACT**: While the concept of propaganda is not unfamiliar to most, few are familiar with its nature and mechanism of action. When communication or media is mentioned, most Uighurs remember propaganda. While this is partially true, it is not sufficient in terms of propaganda and its nature. News is a record of a particular activity, event and innovation for the media and the media is a means of disseminating them and appropriate tools and techniques must be used to make the above process have propaganda value. In journalism, it is aimed to inform the public about a certain event from a certain point of view, while in propaganda, the idea prepared with a certain point of view is conveyed in various ways and it is tried to attract the public in the desired direction. This communication media and propaganda are closely intertwined both conceptually and theoretically and in terms of implementation methods and processes. In order for the media to work effectively, it is important to know the function and impact of the media. Newspapers, magazines, books, radio, television, cinema, internet, etc. have their own characteristics. Today, the effect of mass communication tools (media), which is closely intertwined with the internet and new media technologies, is becoming more evident.

## كىرىش

تەشۋىقات ئۇقۇمى كۆپىنچە كىشىلەرگە ناتونۇش بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە كىشىلەر ئاز. مېدىيا ياكى ئاخبارات دېيىلگەن ھامان كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىگە تەشۋىقات كېلىدۇ. بۇ قىسمەن توغرا بولسىمۇ، تەشۋىقات ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا يېتەرسىز. ئاخبارات مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە ۋە يېڭىلىقلارنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەردىن خاتىرىلەنگەن ھالىتى، ئاخباراتچىلىق بۇلارنى تارقىتىش پائالىيىتى بولۇپ، خەۋەر قىممىتىگە ئىگە مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپىدىغان يۇقىرىقى جەرياننىڭ تەشۋىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋاسىتە ۋە تېخنىكىلار قوللىنىلىشى كېرەك. ۋەقە-ھادىسە ۋە ھەر تۈرلۈك پائالىيەت جەريانىنى خەۋەرلەشتۈرۈش سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مېخانىزمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى، شۇنداقلا ئېھتىياجى ۋە قوللىشىدىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك ھەمكارلىقنىڭ مەھسۇلى. بۇ قوش يۆنىلىشلىك ھەمكارلىقتا گەۋدىلەر مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىشى، خىزمەت قىلىشى كېرەك. بۇ ھەرىكەت ۋە خىزمەتلەر تەبىئىي ھالدا ئاخباراتچىلارنىڭ ئاۋامنى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. يەنى خەۋەر مەزمۇنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي گەۋدىلەرمۇ قىلغان ۋە قىلىدىغان خىزمەتلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئورتاقلىشىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىش مەقسىتىدە ئاخباراتچىلارنىڭ ئۆزى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى ھەققىدە خەۋەر يېزىشىغا

ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ ئېھتىياج ئاخباراتچىلارنى قوللاشنى شەرت قىلىدۇ. يۇقارقى جەريان سىياسىي گەۋدە ياكى سىياسىي كۈچ ئېلمېنتلىرى دەپ ئاتىلىدىغان پارلامېنت، ھاكىمىيەت، سىياسىي پارتىيە، پۇقراۋى تەشكىلاتلار، بيۇروكراتلار ۋە ۋەكىللىك شەخسلەر ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەڭ مۇھىم خەۋەر ۋە ئۇچۇر مەنبەسى.

دېموكراتىك دۆلەتلەردە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن باشقۇرۇش شەكلى كۈنسىرى ئاجىزلاپ، باشقۇرۇشۇش شەكلى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ باشقۇرۇشۇش شەكلى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سىياسىي كۈچ ئېلمېنتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەت بەلگىلەش جەريانىغا ئارىلىشىشى، تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىپ، بەزى لايىھەلەرنىڭ قارار قىلىنىشى ۋە بەزى تەشەببۇسلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېموكراتىك دۆلەتلەردە پارلامېنت، ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە سىستېمىسى دۆلەتنىڭ ئۈچ ئاساسلىق كۈچ مەركىزى دەپ قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۈچ كۈچنىڭ نازارەتچىسى ۋە باياناتچىسى سۈپىتىدە مېدىيانىڭ تۆتىنچى كۈچ دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەكلىكى ئىددىئا قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئالىدىغان قارار ۋە بەلگىلەيدىغان ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرى باشقا سىياسىي كۈچ ئېلمېنتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەۋجۇت ھاكىمىيەتكە قارشى سىياسىي پارتىيەلەر، ھەرخىل ھەق-ھوقۇق ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى ھەرىكەت نىشانى قىلغان پۇقراۋى تەشكىلاتلار، جەمئىيەتتە بەلگىلىك جامائەت پىكرى قوزغاش كۈچىگە ئىگە ۋەكىللىك شەخسلەر (مەسىلەن، يازغۇچى، سەنئەتچى، ئارتىس... قاتارلىقلار) جامائەت پىكرى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەش جەريانىغا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھاكىمىيەت بېشىدىكى سىياسىي پارتىيە قارار ئېلىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش جەرياندا ئۆكتىچى پارتىيە ۋە پۇقراۋى تەشكىلاتلارنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىماي مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمىيەت، ئىلكىدىكى پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە پايدىلىق جامائەت پىكرى يارىتىشقا تىرىشىدۇ. جامائەت پىكرى يارىتىش جەريانى كۈچلۈك ۋە ئۈنۈملۈك تەشۋىقاتنى زۆرۈر قىلىدۇ. ئاخباراتچىلىق يۈز بەرگەن مەلۇم بىر ھادىسىنى مەلۇم بىر نۇقتىئەنەزەردە تۇرۇپ خەۋەرلەشتۇرۇپ ئاۋامنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن قىلىنسا، تەشۋىقاتچىلىق مەلۇم بىر نۇقتىئەنەزەردە تۇرۇپ تەييارلانغان ئىدىيەنىڭ ھەرخىل تېخنىكىلىق ۋاستە ۋە قايىل قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئاۋامنى كۆزلىگەن يولدا كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئاخبارات ۋە تەشۋىقات مەيلى ئۇقۇم ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تەتبىقلاش ئۇسۇلى ۋە جەريانى جەھەتتىن بولسۇن بىر-بىرىگە زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن.

تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن ھېسسىياتنى جەلپ قىلىش ۋە زېھنىنى كونترول قىلىش كېرەك. بۇنى خەلق چۈشىنىدىغان ساھەدە، سەۋىيەسىنى ئۆزى خىتاب قىلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىمۇ چۈشىنىدىغان سەۋىيىدە قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. ماڭا ئەگىشىدىغان كىشىلەر كۆپ بولسا دەيدىغان تەشۋىقات ئىگىدارىغا نىسبەتەن، تەشۋىقاتنىڭ سەۋىيەسى مۇمكىنقەدەر ئاممىباپ ۋە ئاددىي بولۇشى شەرت. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە مۇناسىپ بولغان ۋاستىلارغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. تەشۋىقاتچى ئىشلىتىدىغان قوراللىرىنى ياخشى بىلىشى، ئوبيېكت ئامما ياكى شەخسنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تەشۋىقات ۋاستىلىرىغا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە

كۆز-قارىشىمۇ تەشۋىقاتچىغا ئايان بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا تەشۋىقاتچى تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندا توغرا ۋاستە ۋە ئۈنۈملۈك قائىدىلەردىن پايدىلىنالايدۇ. تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش دەرىجىسى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىشلىتىلگەن ۋاستە شۇنداقلا بەزى قائىدە ۋە تاكتىكىلار بىلەن ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش تەشۋىقات قىممىتىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇپ، تەشۋىقات ئىگىدارلىرى ۋە تەشۋىقات خادىملىرى مەزكۇر مەقسەت ئۈچۈن تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنى ياخشى بىلىشى لازىم.

## ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى

سىياسىي تەشۋىقات ئىگىدارلىرىنىڭ مەقسىتى قوللىغۇچىلىرىنى كۆپەيتىش، تەلىماتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئاۋامنى قايىل قىلىش ۋە ئاۋامنىڭ دىققىتىنى سىياسىي ئېھتىياجلارغا جەلپ قىلىش بولۇپ، ئۆزىگە پايدىلىق جامائەت پىكرى يارىتىش، پايدىلىق دەپ قارالغان مەۋجۇت جامائەت پىكرىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە زىيانلىق جامائەت پىكرىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ئىگىدارى مۇمكىنقەدەر ئەڭ كۆپ ئاممىغا ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە پىكرىنى يەتكۈزۈش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى ياكى مېدىيا تەشۋىقات ئىگىدارلىرىنى تېپىلغۇسىز پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن تەرەققىيات ۋە يېڭىلىقلار تەشۋىقات ئىگىدارلىرى ئۈچۈنمۇ يېڭى سۇپا ۋە ۋاستىلارنى سۇندى. كەڭ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەش، كۆز-قاراشلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيدى. يېزىق ۋە رەسىمنى ئاساس قىلىدىغان گېزىت تەشۋىقات ئىگىدارلىرىنىڭ تەشۋىقات سەھنىسى سۈپىتىدە ئەڭ دەسلەپكى ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىسى بولۇپ قالدى؛ ژۇرنال گېزىت مەزمۇنلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى؛ تەشۋىقات قىممىتى ۋە مۇددىتىنى ئۇزارتتى، رادىيونىڭ بارلىققا كېلىشى ئوقۇش ۋە يېزىش ئىقتىداردىن مەھرۇم كىشىلەرنىمۇ تەشۋىقات ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىگە داخىل قىلدى؛ تېلېۋىزورنىڭ ئىجاد قىلىنىشى خەۋەرلىشىش ساھەسىدە ئىنقىلاپ خاراكتېرلىك يېڭىلىق بولۇش بىلەن بىرگە يۇقارقى ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ پۈتۈن ئىقتىدارلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلدى. ئىنتېرنېت ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىسى سۈپىتىدە تەشۋىقاتنى زامان ۋە ماكاندىن ھالقىتىپ، يەرشارىلاشقان ئالاقە مۇھىتىنى بەرپا قىلدى. ئىنتېرنېت ئۇللۇق ئۇچۇر-ئالاقە دېتاللىرى كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش شەكلى ۋە يېڭى-يېڭى تاكتىكىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئاشتى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەر بىر تېخنىكا تەرەققىياتى ئالاقە تېخنىكىسىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. مەتبەئەنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىن تارتىپ ئىنتېرنېت كەشىپ قىلىنغانغا قەدەر بولغان ئۇزۇن مۇساپىدە ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى بۇ تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن پاراللېل ئىلگىرىلىدى.

يېزىقنى خاتىرىلەش ئۇچۇر ياكى مەلۇماتنى قوزاقلارغا ئويۇشتىن باشلانغان بولۇپ، كېيىن تاشقا،

خۇرۇمغا، نۇۋەت بىلەن قەغەزگە خاتىرىلىنىشكە باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە بولقا ۋە مىخ ئىشلىتىلگەن بولسا، كېيىنچە قەلەم بۇ ۋاستىلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۈگۈن تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەشلەر پۈتۈن بۇ جەريانلارنى كونۇپكا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان سەۋىيەگە ئېلىپ كەلدى. 19-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ مەتبەئە تېز تەرەققىي قىلدى، تېلېگراف ئىجاد قىلىندى، تېلېفون كەشىپ قىلىندى، فوتوگرافلىق ۋە كىنوچىلىق مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 19-ئەسىر ئاممىۋى خەۋەرلىشىش دەۋرى دەپ قوبۇل قىلىندى.

ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئورتاق فۇنكسىيەسى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پىكىرلەرنى 1980-يىلى ب د ت مائارىپ، ئىلىم پەن ۋە كۈلتۈر تەشكىلاتى (UNESCO) قارمىقىدىكى ماكبرىد كومىتېتى نەشر قىلغان «خەۋەرلىشىش ۋە جەمئىيەت-بۈگۈن ۋە ئەتە» ناملىق دوكلات كونكېرتلاشتۇرۇپ بەردى. دوكلاتتا، دەۋرىمىزدە ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى جەمئىيەتنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە بۇ ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك مۇناسىۋەت بار، دېيىلدى. دوكلاتتا يەنە، ۋاستىلىك ھالدا ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى سەككىز ماددىغا يىغىنچاقلاندى:

بىرىنچى، خەۋەر ۋە ئۇچۇر بېرىش: خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەسى دەپ قارالغان خەۋەر ۋە ئۇچۇر بېرىش شەخسىي، ئىجتىمائىي، مىللىي ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق چۈشىنىش ۋە زۆرۈر قارارلارنى چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خەۋەر، سانلىق مەلۇمات، پاكىت، ئۇچۇر ۋە پىكىرلەرنى توپلاش، ساقلاش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە تارقىتىش پائالىيىتى بولۇپ، بۇ فۇنكسىيە ئىجتىمائىي قاراشنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، تەربىيەلەش : بۇ، تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىجەز ۋە خاراكتېر شەكىللەندۇرۇش ۋە تالانت ۋە ماھارەت ئىگىلەشكە ياردەم بېرىدىغان ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. خەۋەر ۋە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش بىللە ۋاستىلىك ھالدا جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۆھپە قوشىدۇ.

ئۈچىنچى، مەنىۋى زوق ئاتا قىلىش (تاماشا): ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى شەخسلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ھەر خىل پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەنىۋى زوق ئاتا قىلىش فۇنكسىيەسى ئادەتتە سەنئەت، ئۇسسۇل، مۇزىكا، كومېدىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئېلېمېنتلاردىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە تەييارلانغان پروگراممىلارنى ئامما بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. خەۋەر، مۇنازىرە، مۇسابىقە قاتارلىق پروگراممىلار «جىددىي» پروگراممىلار دەپ قارالسىمۇ، بۇ پروگراممىلارمۇ يۇقارقى تۈرلەرنىڭ ياردىمىدە زېرىكىشلىك تۇيۇلمايدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

تۆتىنچى، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش: ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەتلىرىنىڭ ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش فۇنكسىيەسىنى ئورۇندايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۈنۈملۈك قاتنىشىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان ئاڭنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى شەخسلەرنىڭ ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە ئوخشاش ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشىغا ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا ئوخشاش ھېسسىيات ۋە پىكىردە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بەشىنچى، تۈرتكە بولۇش: ئاممىۋى خەۋەرلىشىش

ۋاسىتىلىرى جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك «ئۇلۇغ مەقسەتلەر» نى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە شەخسىي مايىللىقنى بۇ مەقسەتلەرگە ماس ئۆزگىرىشكە تەشۋىق قىلىدۇ.

ئالتىنچى، مۇنازىرە ۋە دىئالوگ: مۇنازىرە ۋە دىئالوگ سورۇنى بىلەن تەمىنلەش فۇنكسىيەسى ئىجتىمائىي ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش، تونۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان رىئاللىقنى تەييارلاشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

يەتتىنچى، كۈلتۈرەل تەرەققىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش: ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى قەدىمىي مىراسلارنى قوغداش ئۈچۈن كۈلتۈر ۋە سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇ ئېستېتىك ئېھتىياج ۋە ئىجادچانلىقنى قوزغىتىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ كۈلتۈر تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدۇ.

سەككىزىنچى، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش: ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى شەخس، گۇرۇپپا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا تونۇشۇشىغا سورۇن ھازىرلاش ئارقىلىق «باشقىلارنىڭ» ئىدىيەسى، كۆز-قارىشى، ھېسسىياتى، نىشانىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

تۆۋەندە ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرىدىن گېزىت، ژۇرنال، رادىيو، تېلېۋىزىيە، ئېلان، رەسىم، كىتاب، تىياتىر، ئىنتېرنېت ۋە كىنولارنى تەشۋىقات ئورنىدا ئىشلىتىش ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىمىز.

## گېزىت

گېزىتنىڭ كەچمىشى باشقا تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىغا قارىغاندا ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، رادىيو ئىجاد قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ ئۈنۈملۈك تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. خەۋەرلىشىشنىڭ مەقسىدى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارىسىدا ئۇچۇر-ئالاقە ئالماشتۇرۇش ۋە قارشى تەرەپنى يېڭىلىق ۋە پىكىر بىلەن تەمىنلەش بولۇپ، يۈزتۇرانە يەتكۈزۈشنىڭ چەكلىك ۋە ئۇزۇن ۋاقىت ئېلىشى تۈپەيلى باشقا خەۋەرلىشىش ۋە ئۇچۇر-ئالاقە ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىغا ئېھتىياج تۇغۇلغان. مەلۇم بىر ئوي-پىكىر ۋە كۆز-قاراشلارنى كەڭ ئاۋامغا قوبۇل ۋە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى گېزىتنىڭ تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى تېزلەتكەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئىنسىكلوپېدىيە» سىدە، گېزىت «سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ھادىسەلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنى يەرلىك ئاھالىلەرگە بىلدۈرۈش گېزىتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى» دەپ تونۇشتۇرۇلغان.

سىياسىي تەشۋىقات ئىگىدارلىرى ھەردائىم گېزىتلەردىن ئۆزگە پايدىلىق ئېلان بوشلۇقى تاپالايدۇ. سىياسىي پارتىيەلەر سايلام جەريانىدا گېزىتلەردىكى خەۋەر ۋە ئېلانلارغا قىستۇرۇلۇش ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. گېزىت ئېلانلىرى ئوقۇرمەنلەرنى نامزاتلارنىڭ سىياسىتىنى رىقابەتچى كاندىدات بىلەن سېلىشتۇرۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئوخشىمىغان نامزاتلارنىڭ خەۋەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ تەكرار-تەكرار كۆزدىن كەچۈرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ سايلىغۇچىلارنىڭ قارار چىقىرىش جەريانىدىكى مۇھىم تەشۋىقات قورالى.

گېزىتنىڭ تارىخى باشقا خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرىغا قارىغاندا ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمكى

رىمغىچە سوزۇلدۇ. قەدىمكى رىمدا، راھىپلار ئىمپېرىيەنىڭ يىللىق پائالىيىتىنى ئاق خىشقا يېزىپ ئىبادەتخانا تېمىغا ئېسىپ قويغان ۋە ئاۋام خەلق بىلەن ئورتاقلاشقان. ئەمما ئىمپېرىيە كېڭەيگەنسېرى يىللىق پائالىيەت دوكلاتى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان. چۈنكى باشقا شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردىكى كىشىلەرنىمۇ يېڭىلىقلاردىن خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك ئىدى. جۇلىيۇس قەيسەر دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 44-100-يىللار)، ئۇ پۈتۈن ئىمپېرىيە تەۋەلىكىدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئۈچۈن كېڭەش پالاتاسىنىڭ يىغىن خاتىرىسىنى ئاكتا سېناتىس (Acta Senatus) ئىسمى بىلەن ئېلان قىلىشقا بۇيرۇق قىلدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىياسىي ۋەقە ۋە خەۋەرلەر جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن خەۋەرلەرنىڭ پۈتۈن ئىمپېرىيەگە تارقىلىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. بۇ تەرەققىيات بۈگۈنكى رەسمىي گېزىتلەرنىڭ بىرىنچى شەكلى ئاكتا پابلىكا (Acta Publica) دەپ ئاتىلىدىغان بىر بەتلىك گېزىتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 59-يىلى، يەنە قەيسەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جامائەتچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان كۈندىلىك مۇھىم ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئاكتا دىيۇرنا (Acta Diurna) نامىدا كۈندىلىك خەۋەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار. قولدا يېزىلغان بۇ ئېلانلاردا مۇھىم ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر، نىكاھ، ئاپەت، ئۆلۈم جازاسى، دەپنە مۇراسىمى، ئوت ئاپىتى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، سايلام، قانۇن ۋە چەتئەل دۆلەتلىرى بىلەن تۈزۈلگەن ئىتتىپاقداشلىق، دېڭىز ۋە ھەربىي مۇداپىئە مەسىلىسى، شۇنداقلا مېتېئورىتنىڭ چۈشۈشى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاپەتلەر، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، گلادىراتور ئويۇنلىرى، ئاياللارنىڭ قوشكېزەك ياكى ئۈچكېزەك تۇغۇشى قاتارلىق كۈندىلىك ۋەقەلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئورۇن ئالغان. Acta Diurna دا خەۋەر توپلايدىغان ئالاھىدە خادىملار بار بولۇپ، بۇلار خەۋەرلەرنى ھۆكۈمەت تەرەپ تەمىنلىگەن رەسمىي ئۆچۈرلارغا ئاساسەن توپلايتتى.

گېزىت خەۋەرلىرىنى تەييارلاش ۋە تارقىتىش، يەنى ئاخباراتچىلىق پائالىيىتى مىلادىيە 16-ئەسىردە باشلانغان. ئىتالىيەنىڭ ۋېنىتسىيە شەھىرى يېقىنقى زامان بۇرژۇئازىيە گېزىتلىرىنىڭ بۆشۈكى، شۇنداقلا مۇخبىرلىق پائالىيىتى باشلانغان جاي بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

گېزىت غەربىي ياۋروپادىكى سودا كاپىتالىزمىنىڭ ئاممىۋى ئاخبارات مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن زامان كېلىپ چىقىش تارىخى ياۋروپادىكى ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى خەۋەر مەكتۇپلىرىدىن باشلانغان. ھازىرقى مەنىدىن ئېيتقاندا، گېزىت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار ئىگىلىكى شەكلىدە ئىجتىمائىي ئورگان ۋە سودا كارخانىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

18-ئەسىرگە كەلگەندە، گېزىت ھەركۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بېسىپ چىقىرىش ۋە تارقىتىشتىكى قولايلىق ۋە سۈرئەتنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ گېزىتنىڭ جامائەت پىكرى يارىتىش ئىقتىدارى تېخىمۇ ئاشتى. بۇ مەزگىلدە ئەڭ مۇۋاپىق تەشۋىقات قورالى گېزىت بولدى. سانائەت ئىنقىلابى ئالدى كەينىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئاممىۋى ھەرىكەتچانلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى بىلەن گېزىتكە بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ ئاشتى.

سانائەت ئىنقىلابى ۋە 19-ئەسىردىكى يېڭى تەرەققىياتلار ئاخباراتچىلىققا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلۇس دۆلەت، مىللەتچىلىك، ئىرقچىلىق ۋە دېموكراتىيە قاتارلىق سىياسىي يۈزلىنىشلەرنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە شاھىت بولغان بۇ دەۋردە، گېزىتلەر ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئاۋامغا قوبۇل قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان كۈچ ئېقىملىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. بۇ مەزگىلدە گېزىتلەر

ھوقۇق تالىشىۋاتقانلار ئۈچۈن تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى. بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ ئىستىكى بويىچە يېتەكلەش ئۈچۈن سىياسىي ئېقىملار ئومۇمىيۈزلۈك گېزىتكە يۈزلەندى. گېزىتلەرنىڭ ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش ۋە قايىل قىلىشتىكى تەسىرىنى كۆرگەن ۋە سىياسىي ھوقۇقنى ئىگىلەش ياكى تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان كۈچ مەركەزلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقاتىنى گېزىت ئارقىلىق ئاممىغا يەتكۈزۈشكە باشلىدى. گېزىتلەر جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم ۋە كۈچلۈك قورال سۈپىتىدە كۈچىنى كۆرسەتتى.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىمۇ گېزىت ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ساقلاپ قالدى. بۇ مەزگىلدە دۆلەتلەر دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئۆزىنىڭ نۇقتىئەزىرىدىن باھالاپ، ھاكىمىيىتىنى ۋە تەسىر كۈچىنى ساقلاپ قىلىش، شۇنداقلا دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە گېزىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. خەلق ئاممىسىنى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار قىلىش، دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش غەلىبىلىرىنى يەتكۈزۈش، خەلقتىن ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل ئېلان ۋە تەشۋىقاتلار گېزىتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى تەشكىل قىلدى. ئېنىقكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېزىتلەر ئەسكىرىي ۋە پسىخكىلىق تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ ئەڭ يارقىن ئۆرنىكى ناتسىست گېرمانلارنىڭ كاتتىبىشى گېتلېر دېيىشكە بولىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا گېزىتنىڭ تىرازى ۋە سېتىلىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ گېزىت ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى رولى سەۋەبىدىن مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتمىدى. لېكىن، گېزىت ۋە گېزىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاخبارات قۇرۇلۇشلىرى ھۆكۈمەتلەرنىڭ مونوپوللىقىدىن قۇتۇلۇپ شەخسىيلەرنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قوبۇل قىلغان لىبېرال دېموكراتىك دۆلەتلەردە مېدىيا ئورگانلىرىنىڭ خۇسۇسىيلىشىش قەدىمى تېز بولدى. كاپىتاللار بۇ قوراللارنى بەكرەك تىجارىي مەقسەتتە ئىشلىتىشكە باشلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، گېزىتلەر پۈتۈنلەي مەبلەغنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئۇلار بۇ مەبلەغ چەمبىرىنىڭ تەشۋىقاتىنى ئاممىغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق پىكىرلەر جامائەت پىكرىدە ئۈنۈملۈك ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ گېزىتنىڭ كۈچىگە ھېلىھەم موھتاج بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتە پەقەت گېزىتلا تەشۋىقات قورالى قىلىنىدىغان تارىخ ئاخىرلاشتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ گېزىت،ژۇرنال، كىتاب، رادىيو، تېلېۋىزور ۋە شۇنىڭدەك خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى گېزىتنىڭ تەشۋىقاتتىكى ئورنىغا سەپلىمە ۋاستە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

## ژۇرنال

ژۇرنال 1930-يىللىرىدا تىلىمىزدا مەجمۇئە دەپ ئىشلىتىلگەن. ھازىرمۇ بەزى يازما ماتېرىياللاردا مەجمۇئە ئاتالغۇسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەجمۇئە ئەرەپچە سۆز بولۇپ، توپلام، جۇغلانما دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، تۈرك ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىدە «چېچىلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى بىريەرگە يىغىش، توپلاش» مەنىسىدىكى «جەمئى» دىن تۈرلىنىپ چىققان» دەپ ئىزاھلانغان.

ژۇرنال گېزىتكە قارىغاندا ھەجمى چوڭ، مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، يازارلىرى ھەرخىل، ساقلىنىش ۋە تەكرار پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان خەۋەرلىشىش ۋاستىسى بولۇپ گېزىتتىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ژۇرناللار گېزىتكە ئوخشاش كۈندىلىك، ۋە ئۆتكۈنچى مەسىلىلەردىن تەركىپ تاپمايدۇ. گېزىتنىڭ مەزمۇنى كەڭ ئاممىنى كۈندىلىك مەلۇمات بىلەن تەمىنلەش ۋە تېز ئىشەندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ژۇرنالدا مەزمۇن ئىلمىيلىك جەھەتتىن گېزىتكە قارىغاندا كۈچلۈك، ئالاقىدار مەزمۇنلىرى تەپسىلىي، پاكىت ۋە جەريان بىر قەدەر ئىنچىكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنلىرى گېزىتنىڭ ئوقۇرمەنلىرىدەك كۆپ بولماستىن چەكلىك بولىدۇ. گېزىتلەر پەقەت كۈندىلىك خەۋەر ۋە قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چىڭ تۇتىدىغان بولغاچقا مەزمۇنى ناھايىتى تېز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەمما ژۇرنالدا مەخسۇس بېكىتىلگەن تېمىلارنى ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ژۇرنال پەقەت خەۋەرلەندۈرۈش، مەلۇماتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس تەكرار پايدىلىنىش، تەكرار تەشۋىقات ماتېرىيالى قىلىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

## كىتاب

كىتابنىڭ تەشۋىقات ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى گېزىت، ژۇرنال ۋە رادىيولارغا ئوخشاش گېتلېر دەۋرىدە ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولدى. مەلۇمكى، باللار بىر جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدى شۇنداقلا جان تومۇرى، جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىزباسارلىرى. باللار ئارقىلىق كەلگۈسىنى شەكىللەندۈرۈش مۇقەررەر ھالدا مائارىپ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مائارىپ سىستېمىسىنى، ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى، دەرسلىك كىتابلىرىنى ئاممۋى كونترول قىلىش ۋە شەكىللەندۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلەتمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر كۈچ، مائارىپ ساھەسىنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلايدىغان بولۇشىنى، ئۆزى سىزغان يول بويىچە ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ۋاستە ۋە ئۇسۇللارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابنىڭ تەشۋىقات ماتېرىيالى ياكى ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى مەكتەپلەردىن، بولۇپمۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز مەكتەپلىرىدىن باشلىنىدۇ.

گېتلېر نېمىس پەرزەنتلىرىنى ئۆزىنىڭ ناتسىست ئىدىيەسىگە ئىشەندۈرۈش، ئۇلارنى نېمىس ئىرقىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىرقلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ يېشىدىلا تەشۋىقات بىلەن تەربىيلەشنى مەقسەت قىلىپ بىر قىسىم ئۇسۇل ۋە ۋاستىلارنى ئىشلەتكەنىدى. مائارىپ ساھەسىدە «داھىي»، يەنى «گىتلېر» غا سادىق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش پىلانى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. مەكتەپلەردە گىتلېرنى مەدھىيەلەيدىغان ناخشىلار ئېيتىلاتتى. «بىز داھىيمىزنى ياخشى كۆرىمىز، بىز داھىيمىزدىن ئېپتىخارلىنىمىز، بىز ھەقىقىي داھىيمىزغا ئەگىشىمىز، بىز داھىيمىزغا ئىشىنىمىز، داھىيمىز ئۈچۈن ياشايمىز ،داھىيمىز ئۈچۈن ئۆلىمىز» دېگەندەك ناخشىلار تەكرارلىناتتى.

گىتلېرنىڭ كۆز قارىشى «مىللىي سىياسەت» ۋە «ئىرقىي بىلىم» دەرسلىرىنىڭ نىگىزلىك قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. ناتسىستلار دەسلەپتە كىتاب ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللارغا بېسىلغان ناتسىست سىمۋوللىرى ئارقىلىق ناتسىستلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچىدى. كېيىن ناتسىستلارنىڭ دەرسلىكلىرىنى بېسىپ چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقاتتى.

ناتسىست دەۋرىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە ئۆزى خالىغان مېتود بىلەن

دەرس ئۆتۈشى چەكلەنگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ناتسىست كۆچلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ تۇراتتى. ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋە مەزمۇنى بىۋاستە ناتسىست ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى «ناتسىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسكەرلىرى» دەپ تەرىپلەنگەن گېرمانىيەدە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ناتسىستلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىناتتى. چۈنكى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى رەھبەرگە سادىق كىچىك ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش ئىدى. بۇ ساداقەتنى تەسۋىرلەيدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى تۆۋەندىكىچە.

«كۆچلۈك مۇشتلىرىمىز كۈكۈم تالقان قىلىدۇ
بىزگە قارشى چىققان ھەممە نەرسىنى
بىز ياشلار، بىز ياشلار، كەلگۈسىنىڭ ئەسكەرلىرى.
بىز ياشلار، بىز ياشلار، داڭق چىقىرىدۇ
ھەرىكەتلىرىمىز .
ئۇلۇغ رەھبىرىمىز، بىز ساڭا مەنسۇپ.
بىز سېنىڭ يولۇڭدا ماڭىمىز
بايرىقىمىزنىڭ لەپىلدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز
بىز پۈختا قەدەملەر بىلەن كەلگۈسىگە قاراپ
ماڭىمىز»

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەشۋىقات تۈسى قويۇق دەرسلىكلەرنى خىتاينىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىمۇ ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن خىتاينىڭ دۆلەت شېئىرى، ئوقۇغۇچىلار قەسىمى قاتارلىقلاردىمۇ يۇقارقىدەك ئىدىيەۋى تۈسى چوڭقۇر ئىپادىلەر بار. ئۇنىڭدىن سىرت «كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، شەرق قىزاردى كۈن چىقتى، جۇڭگودىن چىقتى ماۋزېدۇڭ، جەۋلان قىلار بەش يۇلتۇزلۇق قىپقىزىل بايراق، بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە» قاتارلىق قىزىل ناخشىلار خىتاي دەرسلىك كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، 2005-يىلىدىن كېيىن خوجىنتاۋنىڭ سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس چاقىرىقى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە-سىياسەت دەرسىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان.

دەرسلىك كىتابلاردىن سىرت گېتلىرنىڭ «مېنىڭ كۆرىشىم» ناملىق كىتابىمۇ كۈچلۈك تەشۋىقات خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئەينى دەۋردە يېڭى توي قىلغان قىز-يىگىتلەرگە مەزكۇر كىتاب تارقىتىپ بېرىلگەن. گىتلېر «مېنىڭ كۆرىشىم» ناملىق كىتابىدا: «نېمىس ئوغلى! ئۆزۈڭنىڭ نېمىس ئىكەنلىكىڭنى ئۇنۇتما. نېمىس قىزى! ھامان بىر كۈنى سەن بىر نېمىس ئانا بولىسەن، ھەمىشە بۇنى ئويلا. ياشلار يانچۇقىدىكى پۇلنى تېجەش ئارقىلىق ئۇرۇش خەزىنىسىنى توپلايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ياشلار چوڭلارنىڭ ھەقىقىي ئۆلگىسى بولىدۇ... » دېيىش ئارقىلىق نېمىس ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ رولىنى تەكىتلەپ، گېرمانىيە ئۈچۈن ياشلارنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچە بولىدۇ. كىتابتا يەنە نېمىس ئىرقىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، يەھۇدىي ئىرقىنىڭ پەس، ناچار ئىرق ئىكەنلىكى، نېمىس ئىرقىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن نېمىس قىزلىرىنىڭ يەھۇدىي ۋە باشقا يات مىللەتلەر بىلەن تويلىشىشقا بولمايدىغانلىقى، ئەمما نېمىس ئەرلىرىنىڭ باشقا مىللەت قىزلىرى بىلەن توي قىلىپ ئۇلانى نېمىسلاشتۇرسا، ئاسسىمىلاتسىيە قىلسا بولىدىغانلىقى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. گېتلىرغا ئوخشاش خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاتىسى ماۋزېدۇڭنىڭمۇ ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى نامىدا بىرتوركۇم ئەسەرلەرنى يېزىپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خەلققە مەجبۇرى ياد ئالدۇرغانلىقى مەلۇم.

# رادىيو

كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغان، ئوقۇش-يېزىش نىسبىتى ھازىرقىدەك يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەن، گېزىت بېسىش ۋە تارقىتىش ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدىغان ۋاقىتلاردا، رادىيو ئەڭ ئۈنۈملۈك ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىسى ئىدى.

رادىيو ئارقىلىق سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى رادىيونىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن پاراللېل تەرەققىي قىلدى. ئەنگلىيەدە 1923-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيىسى رادىيونى ئۈستىلىق بىلەن تەشۋىقات قورالى قىلىپ ئىشلىتىپ، زور ئۇتۇق قازانغان. رادىيو 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ تونۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بولدى. بولۇپمۇ ناتسىستلار ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇرۇش جەريانىدا رادىيودىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلاندى. ناتسىستلارنىڭ تەشۋىقات ئۇچۇرلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقىتىدىغان قوراللارنىڭ بىرى بولغان رادىيو خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

رادىيو مەلۇم بىر پارتىيىنى پەقەت تەشۋىقات بىلەنلا ھاكىمىيەتكە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ . بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىنى نېمىس رادىيوسىنىڭ ناتسىست دەۋرىدىكى تەشۋىقات پائالىيىتىدىن كۆرۈۋالايمىز. گىتلېر رادىيودىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ كەڭ ئاممىنىڭ تونۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆپسانلىق خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. گەرچە بۇ دەۋردە پەقەت رادىيولا ھوقۇقنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەب بولمىسىمۇ ، گىتلېرنىڭ گېرمانىيە سىياسىتىنى، ئاممىنىڭ ئۈمىد-ئىستەكلىرىنى ياخشى بىلىشى ۋە رادىيودىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىشى مۇھىم ئامىل بولدى. گىتلېرنىڭ «رادىيو بولمىغان بولسا بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمىغان بولاتتۇق...» دېگەن مەشھۇر سۆزى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ناتسىستلارنىڭ قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان ئامېرىكا مەركەزلىك «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىمۇ بۇ دەۋردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشۋىقات سۈپلىرىنىڭ بىرى سانىلىدۇ. «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيو سەھنىسى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ 1942-يىلدىكى تۇنجى ئاڭلىتىشىدا «بۇ خەۋەر ياخشى ياكى ناچار بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىز سىزگە دائىم ھەقىقەتنى سۆزلەيمىز» دەپ ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ «ھەقىقەتنى سۆزلەش تەشەببۇسى» نى ئاساس قىلغان تەشۋىقات ئىستراتېگىيىسىنى دۇنياغا جاكارلىدى.

رادىئونىڭ گېزىتتىن پەرقى شۇكى، رادىئو ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز كىشىلەرگىمۇ ئوخشاشلا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. رادىيو مەزمۇنلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن گېزىت ئوقۇشقا ئايرىغاندەك ۋاقىت ئايرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاڭلىغۇچىلار بىر تەرەپتىن قىلىۋاتقان ئىشىنى داۋاملاشتۇرغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن رادىيو مەزمۇنلىرىدىن خەۋەردار بولالايدۇ. رادىيو گېزىت يېتىپ بارالمىغان يەرلەرگە رادىيو قوبۇللىغۇچ ئارقىلىق بىمالال يېتىپ بارالايدۇ. خەۋەرلىشىش ساھەسىدىكى تېخنىكىلىق تەرەققىياتلار رادىيونىمۇ گېزىتكە ئوخشاش كۈچلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىق رولىدىن مەھرۇم قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە رادىيو ياشانغانلار ۋە تاكسىي شوپۇرلىرى بەكرەك ئاڭلايدىغان خەۋەرلىشىش ۋاستىسىغا ئايلاندى ۋە كۆڭۈل ئېچىش تىپىدىكى ئاڭلىتىش ۋە پروگراممىلار ئاساسلىق مەزمۇننى ئىگىلىدى.

# تېلېۋىزور

تېلېۋىزور 1936-يىلى ئەنگلىيەدە تۇنجى قېتىم ئاممىۋى تارقىتىشنى باشلىدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەشۋىقاتچىلار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. تېلېۋىزور تەشۋىقاتى تەشۋىقات ئىگىدارلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېچىشلىق بولۇپ، ھەرخىل فورمات ۋە ئۆلچەمدىكى ئۇچۇرلارنى ھەرخىل سەۋىيەدىكى ئوبيېكتلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش شارائىتى ھازىرلىدى. تېلېۋىزوردا ھەرخىل يوشۇرۇن ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرۈشنى قىيىنلاشتۇرىدىغان تېخنىكىلارنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، كۆرۈرمەنلەرنى ئاسانلا قايمۇقتۇرغىلى ۋە تەشۋىقاتچى قوراشتۇرغان مەنە رامكىسىغا قارشى پاسسىپ ھالغا كەلتۈرگىلى قىلىدۇ.

گېزىت ئېلان ۋە خەۋەرلەرنى پەقەت يېزىق ۋە رەسىم بىلەن، رادىيو ئاۋاز بىلەن ئىپادىلەپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىگە سۇناتتى. تېلېۋىزور ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرى يېزىق، رەسىم، ئاۋازلارنى بىرلا مۇھىتتا سۇنغىلى بولمايتتى. تېلېۋىزور بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. يەنە كېلىپ يېزىق، رەسىم، ئاۋازلارنى بىرلەشتۈرۈپلا قالماي، بۇ ئېلېمېنتلارنى ھەرىكەتچانلىققا ئىگە قىلدى. تېلېۋىزورنىڭ ئىجادى ئاۋامنىڭ يېڭىلىقلارنى خەۋەردار بولۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، تەشۋىقات ئىگىدارلىرى ئۈچۈن تەسىر كۈچى ئىنتايىن زور، قايىل قىلىش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى، ئىشەندۈرۈش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تەشۋىقات قورالى بىلەن تەمىنلىدى. تېلېۋۇزۇردىكى تەييار تەسەۋۋۇر، تېز تاماققا ئوخشاش كۆرۈرمەننىڭ ئالدىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر رامكىسى تەييار تەسەۋۋۇر بىلەن تويدورۇلماقچى بولدى.

بۈگۈن تېلېۋىزور ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى بولۇپ قالدى. كەچقۇرۇنلىرى ئائىلە بويىچە تېلېۋىزور كۆرۈش نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە ئورتاق ئادەتكە ئايلاندى. تېلېۋىزورنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى دەپ قارىلىشى ۋە بۇ يۆنىلىشتە ئىشلىتىلىشى تەشۋىقاتچىلارنىڭ خىزمىتىنى ئىنتايىن ئاسانلاشتۇردى. كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە تېلېۋىزور كۆرسە، تەشۋىقاتچىلار ئۆزلىرى يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇرلارنى ئۇستىلىق بىلەن پروگراممىلارغا قىستۇرۇش ئارقىلىق تەييار تەسەۋۋۇر ۋە ئىدىيەلەرنى بازارغا سېلىشقا باشلىدى. تېلېۋىزور كۆرۈش نىسبىتى ۋە تېلېۋىزورنىڭ ئورتاق ئاڭ، ئورتاق تونۇش، ئورتاق كۇلتۇر يارىتىش ۋە كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئىستىمال ئادىتىگە سىڭدۈرۈش كۈچى تېلېۋىزورنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەشۋىقات ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېلېۋىزوردىكى ھەر خىل مەزمۇنلار (ساختا خەۋەرلەر، يۈرۈشلۈك فىلىملەر، كىنولار، ئېلانلار) ۋە بۇ مەزمۇنلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەھسۇلاتى دەپ قارىلىشى ۋە بۇلاردىن مەنىۋى زوق ئىزدەش خاھىشى تېلېۋىزورنى كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتە كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇردۇ. ھۆكۈمران كۇلتۇرلەر تېلېۋىزور پروگراممىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتلەرنىڭ كۇلتۇرەل قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆز كۇلتۇرىنى چاندۇرماستىن يېيىشقا تىرىشىدۇ. يۈرۈشلۈك فىلىملەردىكى مۇھەببەت ھېكايىلىرى، ئائىلە مۇناسىۋىتى، كىيىم-كېچەك ۋە يۈرۈش-تۇرۇش ئادەتلىرى كۇلتۇرەل ئېگى تۆۋەن، يېڭى كۇلتۇرلەرنىڭ خىرىسىغا تەييارلىقسىز ھالەتتىكى كۆرۈرمەنلەرنى تېزلا رام قىلىۋالىدۇ. تېلېۋىزورنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك تەشۋىقات تۈرى كۇلتۇرەل تەشۋىقات بولۇپ، كۇلتۇرەل تەشۋىقاتلارنىڭ جەلپ قىلىشچانلىقى كۈچلۈك، تەشۋىقات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش قىيىن. يۈرۈشلۈك فىلىملەر، ھېكايە فىلىم، سەنئەت ۋە شۇخلۇقدىكى كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىلىرى بىرلا ۋاقىتتا بىر توپ كىشىنىڭ

كاللىسىدا ئورتاق تۇيغۇ ۋە ئورتاق كۆرۈنۈشنى جانلاندۇرۇپ، مەزمۇننى ئاممىۋى ئەسكە ئايلاندۇرىدۇ. پروگراممىلارغا ئۇستىلىق بىلەن كىرگۈزۈلتىلگەن تەشۋىقات ئېلېمېنتلىرى بىرلا ۋاقىتتا بىر توپ كىشىنىڭ زېھنىدە جانلانغانلىقتىن، قوبۇل قىلىنىشى تېز ۋە ئاسان بولىدۇ.

## ئىنتېرنېت

بۈگۈن تىل ئىستىمالىمىزدا ئەنئەنىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى، ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى ياكى ئاممىۋى تاراتقۇلار دەپ ئاتىلىۋاتقان مېدىيا سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئاساسەن دېگۈدەك دۆلەت كونترولluقىدا تارقىتىش ئېلىپ باراتتى. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى تەرەققىيات ۋە زېھنىي ئىسلاھاتلار بۇ ئەندىزىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇل سالدى. شۇنىڭ بىلەن مېدىيا خۇسۇسىيلىشىش قەدىمىنى تاشلىدى. بۇ قەدەم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرلەپ كىچىك سەرمايىدارلارمۇ قۇربى يەتكەن مېدىيا تۈرىنى سېتىۋېلىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. ئەمما بۇ ئىجابىي ئىلگىرلەش بەزى سەلبىي كۆلەڭگىلەردىنمۇ قۇتۇلالمىدى. خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى بۇرۇن دۆلەتنىڭ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ كونترولluقىدا تارقىتىش ئېلىپ بارغان بولسا، ئەمدى سەرمايە ئىگىلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە تارقىتىش قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالدى. ئەنئەنىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تارقىتىش شەكلى كونترول قىلغۇچى تەرەپنىڭلا ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تاق يۆنىلىشلىك تارقىتىش بولۇپ، ئاۋام پەقەت قوبۇل قىلغۇچىلىق ئورنىدىلا تۇراتتى، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، پىكىر-تەلەپلىرىنى سۇنىدىغان سەھنە تاپالمايتتى. ئىنتېرنېت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن بۇ پاسسىپ ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ، كەڭ ئاممىغا ئۆزىنى «ئەركىن» ئىپادىلەش مۇھىتى يارىتىپ بەردى. ئەڭ مۇھىمى ئىنتېرنېت قوش يۆنىلىشلىك خەۋەرلىشىش ئىمكانى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىنتېرنېت تەمىنلىگەن مۇلازىمەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئېلېكتروننلۇق پوچتا يوللانمىسى جۇغراپىيەلىك ئارىلىق قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تور ئابونتلىرىغا ئۈچۈر يوللاش، قوبۇل قىلىش، ئوقۇش ۋە جاۋاب قايتۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل مۇلازىمەتلەر بىلەن ئۆز-ئارا ئالاقە مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئىنتېرنېتنىڭ بۇ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈچۈر-ئالاقە ساھەسىدە ئىنقىلاپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئىنتېرنېت سايىسىدە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار دەپ نام بېرىلگەن پاراڭ قوراللىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل مەقسەتتە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق ۋە ئەپچىل ئۈچۈر-ئالاقە دىتاللىرى بارلىققا كەلدى. ئىنتېرنېت يېزىق، رەسىم، ئاۋاز ۋە ھەرىكەتنى ھەم ئايرىم ھەم بىرگە كۆرگىلى بولىدىغان شارائىت بىلەن تەمىنلەپ بەردى. گېزىت، رادىيو ۋە تېلېۋىزورنىڭ پۈتۈن ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئېرىشىش يوللىرى ئىنتېرنېتتا جەم بولدى.

ئۈچۈر يەتكۈزۈش تەشۋىقاتنىڭ نىگىزى. ئۈچۈرنىڭ يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن دۇنيانى بىر-بىرىگە باغلىغان ئىنتېرنېت، ئەلۋەتتە بۇ ئۈچۈر تېزلىكىدىن نىسۋىسىنى ئالماي تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگەن ئىنتېرنېتنىڭ ئۈچۈر-ئالاقىنى زامان ۋە ماكاندىن مۇستەقىل ھالغا كەلتۈرۈشى بۇ نىسۋىنى تەشۋىقات ئىگىدارلىرى ئۈچۈن پۇرسەتكە ئايلاندۇردى. ئەقلىيفون، ئەقلىلىق ئېكران ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سىزىمچان ۋە قوللىنىشچان ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، بارغانسىرى كىچىكلىشى تەشۋىقاتنىڭ يېتىپ بېرىش تېزلىكىگە قوشۇلۇپ، قوبۇل قىلغۇچى

ئوبيېكتلارنى كۆپەيتتى .

ئىنتېرنېتنى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 1969-يىلى كەشىپ قىلىنغان بولۇپ، 1990-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېز تارقىلىپ ئومۇملىشىشقا باشلىغان. رادىيو، تېلېۋىزور ۋە ئىنتېرنېت ئارقىلىق 50 مىليون ئابونتقا ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتىنى تەكشۈرۈلگەندە، رادىيو ئۈچۈن 38 يىل، تېلېۋىزور ئۈچۈن 13 يىل ، ئىنتېرنېت ئۈچۈن پەقەت 5 يىل ۋاقىت كەتكەن.

نۆۋەتتە ھەرقايسى ئىدارە-ئورگان ۋە شىركەت-كارخانىلار ئۆزىنى تونۇتۇش ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئورگان تور بەتلىرىنى تەسىس قىلماقتا. تەشكىلىي قۇرۇلمىلارنىڭ تور بېكەتلىرى، شىركەت ئۇچۇرلىرى ۋە خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە جامائەت پىكرىنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا تەشۋىقات قىلىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك ئاممىۋى ئالاقە قورالى بولالايدۇ. شۇنىڭدەك سىياسىي كۈچ مەركەزلىرىمۇ ئىنتېرنېتنىڭ بۇ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلانماقتا. سىياسىي تور بېكەتلەرنىڭ بەش ئاساسلىق ئىقتىدارى تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇلار؛ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، تەشۋىقات قورالى بولۇش، مەنبە شەكىللەندۈرۈش، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى گۇرۇپپىلار بىلەن ئۇچۇر تورى قۇرۇش ۋە سىياسىي قاتنىشىشنى كۈچەيتىش. سىياسىي كۈچ مەركەزلىرى قوللىغۇچىلىرىنى تەشكىللىنىڭ خىزمەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىش، قىزىققۇچىلارنى تەشكىل ھەققىدە يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، قوللىغۇچى توپلاش، ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە كۆز-قاراشلىرىنى تارقىتىش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش، ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىي مەنبە ھاسىل قىلىش، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە كۇلتۇرەل مۇناسىۋەت تورى قۇرۇش ئۈچۈن ئىنتېرنېت تەمىنلىگەن ئەۋزەللىك ۋە قولايلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرالايدۇ.

## پىلاكات

پىلاكات باسما مېدىيا تۈرى بولۇپ، ھەم رەسىم ھەم گۈزەل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن سىمۋوللۇق ئېلان ۋە تەشۋىقات ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. رەسىم، شەكىل ۋە يېزىق زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. پىلاكاتلاردا سىمۋوللۇق رەڭ ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. پىلاكاتلار مەتبەئە تېخى كەشىپ قىلىنمىغان، ئىنسانلار ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان دەۋرلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن. قەدىمىي رىم ۋە گېرېتسىيەدە ئاممىغا مۇناسىۋەتلىك رەسىم ۋە شەكىللەر رەخت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە سىزىلىپ تاملارغا ئېسىلغان. بۇ ھەقتە گېزىت قىسمەندىمۇ توختىلىپ ئۆتتۇق. 15-ئەسىردە مەتبەئەنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن پىلاكاتلار مەتبەئە تېخنىكىلىرى ئارقىلىق بېسىلىپ، كۆپەيتىلىپ ئىشلىتىلدى. پىلاتكاتلار سىياسىي تەشۋىقات مەقسىتىدە ئىشلىتىلىشتىن ئىلگىرى ئومۇمەن ئىككى مەقسەتتە ئىشلىتىلەتتى. بىرىنچىسى، كىنو قويۇش ۋاقتى ۋە كونسېرتلارنىڭ ئورنى، ۋاقتى ۋە مەزمۇنىدىن ئاۋام خەلقنى خەۋەردار قىلىش. ئىككىنچىسى، ئېلان ۋە ئۇقتۇرۇش. ئېلان ۋە ئۇقتۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئاۋامنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە قولاي ۋە تېز يەتكۈزۈش بولۇپ، پىلاتكاتلار بۇ فۇنكسىيەنى ئورۇنداشتا كۆرۈرنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە ئىدى. 1866-يىلدىن باشلاپ پىلاكاتلارنى رەڭلىك باسقىلى بولىدىغان بولدى ، كېيىن فوتوگراف ماشىنىشى

ۋە ۋە رەڭلىك باسمىنىڭ پەيدا بولۇشى پىلاكاتنى هازىرقى تېخنىكىلىق سەۋىيىگە يەتكۈزدى.

پىلاكاتلارنىڭ سىياسىي تەشۋىقات مەقسىتىدە تۇنجى ئىشلىتىلىشى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. 1914-يىلى ئەنگلىيە ئۇرۇش مىنىستىرى لورد كىچچېنېر ئارمىيەگە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئۈچۈن «دۆلىتىڭىز سىزگە موھتاج» دېگەن شوئار بىلەن پىلاكاتلارنى بېسىپ چىقىرىپ تەشۋىقات ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئېلاندا لورد ئاشچېنېرنىڭ كۆرۈنمىگەن نامەلۇم يۈزلەرگە بىۋاستە خىتاب قىلىشى، بىر قاراشتىلا ئۇچرىشىش مۇقەررەر بولغان كۆزى ۋە قارىغۇچىلارغا توغرىلانغان كۆرسەتكۈچ بارمىقى شەخس بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى تۇيۇقسىز كۈچەيگەن رىشتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.




ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەر پىلاتكاتلارنى تەشۋىقاتلىرى ئۈچۈن پائال ئىشلەتكەن. قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئېلان شەكلىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرۈنگىنىدىن بەكرەك ئۈنۈملۈك رول بار. رادىيونى ئېتىۋەتكىلى بولىدۇ، سىياسىي يىغىلىش ۋە كىنولارنى زىيارەت قىلماسلىققا بولىدۇ، ئەمما مەلۇم بىر ۋاقىتتا كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھېچكىمنىڭ ئېلاندىن قېچىشى مۇمكىن ئەمەس. ناتسىست گېرمانىيەسىدە كىنو بىلەن ماس قەدەملىك پىلاكاتلار كۆرۈنۈشلۈك تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. Goebbels نىڭ تەشۋىقاتچىلىرى پىلاكاتلاردا كۆرۈنۈشچان ئېلمېنتلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئۇچۇرلار چۈشىنىشلىك بولسا ۋە كىشىلەر بۇ ئۇچۇرلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرسا، رەسىم ۋە شوئارلارنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى بايقىغان. شەھەرنىڭ ھەر يېرىگە گىتلېرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتلار ئېسىلىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ ئېلانلارنى كۆرمەسلىككە ئىمكان قالدۇرۇلمىغان. كوچىدىن ئۆتۈۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا، گېرمانىيەنى «قىزىل تېرورلۇقتىن» ۋە كوچىدىكى «يەھۇدىي مىكروبلىرى» دىن قوغداشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئورۇق، ئېگىز، جەينىكى كۆتۈرۈلگەن، بېشى تىك، ئىرادىلىك گىتلېرنىڭ ئېلانىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.



بۇ ئېپتىدائىي مېدىيا قوراللىرىنىڭ بارلىق كۈلتۈرەل ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەردىكى تەسىرى ھەققىدە ئۇزۇن-ئۇزۇن توختىلىش مۇمكىن. كونمىزدىمۇ پىلاكات ۋە ئېلان تاختىلىرىنىڭ سىياسىي. ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، تۈركىيەدە پىرېزىدېنتلىق سايلىمى، ھاكىمىيەت تالىشىش سايلىمى ۋە يەرلىك سايلام مەزگىللىرىدە بىنا تاملىرى، كوچا كىرىش ئېغىزى ۋە ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە نامزاتلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتلارنى كۆرمەي دېسەكمۇ قۇتۇلالمايمىز.

نوپۇزلۇق سىياسەتچىلەر مەلۇم بىر رايوندا نۇتۇق سۆزلىمەكچى ياكى يىغىن ئاچماقچى بولسا، يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەسىم، خەت ۋە شۇئارلار چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتلارنى كۆرۈش مۇمكىن. باھار ۋە كۈزلۈك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەزگىلىدە ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئېلان پىلاكاتلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ كونسېرتلىرى، ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرى، تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى قاتارلىقلاردىمۇ ئالدىنئالا لايىھەلەنگەن ھەرخىل رەڭدار، سەمۇللۇق مەنە يوشۇرۇنغان پىلاكاتلار ئامما كۆپرەك ئۆتىدىغان يول دوقمۇشلىرى ۋە بېكەت تاملىرىغا ئېسىلىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پىلاكاتلارنىڭ كۈنىمىزدىمۇ تەسىر كۈچىنى يوقاتمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت زامانىۋى تېخنىكىلىق ئۇسكۈنىلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئۆزگىرىشچان پىلاكاتلارمۇ بار. مەسىلەن، سودا سارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كەڭ ئېكرانلار، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدىكى سىيرىلما پىلاكاتلار، كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ تۇتقۇچىدىكى فىلىم ئېلانلىرى.... قاتارلىقلار.

## رەسىم ۋە كارىكاتۇرلار

رەسىم (ھەجىۋى رەسىم، قورقۇنچلۇق رەسىم)، سۈرەت ، كارتون ، ھەجىۋى رەسىملەر ، بەلگىلەر، سىنبەلگىلەر، رەھبەرلەرنىڭ پورترېتى ئوخشىمىغان تۈرلەردە ئېھتىياجغا ئاساسەن ئېسىلىپ، نىشاندىكى ئاممىنىڭ كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. بەزىدە رەسىمنىڭ ئاستىغا قىسقا تېكىستلەرنى قوشۇپ رەسىم بېرىدىغان ئۇچۇرنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما بۇ قىسقا تېكىستلەرنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى رەسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنا ۋە قوبۇل قىلدۇرماقچى بولغان ئۇچۇرنى خۇلاسىلەشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە گەرچە رەسىم ۋە كارىكاتۇرلار بۇرۇنقىدەك تام ۋە كوچىلارغا كۆپ چاپلىنىپ كەتمىسىمۇ، ھەرخىل ئۇنۇم قوشۇلغان، يوشۇرۇن مەنالار يوشۇرۇنغان، جەلىپ قىلىش تەسىرى كۈچلۈك، ئەستە ئاسان قالىدىغان شەكىلدە لايىھەلىنىپ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساپلىرىدا تارقىتىلماقتا. ئىجتىمائىي تاراتقۇلار تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن بۇ رەسىملەرنى تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىمەكتە.

## ئۇنىۋېرسال تەشۋىقات ۋاستىلىرى

### ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرى

ئىجتىمائىي ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئېنتېرنېت ئۇللۇق يېڭى ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا رەقەملىك تاراتقۇ ، سىفىرلىق تاراتقۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئالاھىدىكلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىگە قاراپ ئىجتىمائىي تورلار، تور بەتلەر، مۇنبەرلەر، بىلوگلار، مىكرو بىلوگلار، ۋىكىلەر، ئۈن، سىن تارقىتىش قوراللىرى (يويتۇپ، ۋە فىلكېر) ... قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ. ۋەتەندىكى تاراتقۇلاردا ئومۇمەن ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ۋە پاراڭ قوراللىرى دەپ قوللىنىلماقتا. نۆۋەتتە ئىجتىمائىي تاراتقۇ تۈرلىرى 100 گە يېتىدىغان بولۇپ ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرى فېيسبۇك ، تۋىتتېر ، ئىنستېگرام ، بىلوگ ، يۇتيۇپ قاتارلىقلاردۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ بىر تەبىر بىرىش توغرا كەسلە، ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئىنتېرنېت ئۇلىغا تايىنىپ ئاكتىپچانلىقتا ئىگە بولىدىغان، ئۆز-ئارا سۆھبەت، مۇنازە ئىلىپ بىرىشقا ئۇچۇق ۋە قولاي، ئۆز-ئارا تەسىرچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، كۆپ ۋاستىلىق تارقىتىش ئالاھىدىلىكى بولغان (مۇلتىمېدىيا- يېزىق، رەسىم، ۋىدىئو، ئۇلانما، گىرافىكلارنى شالغۇتلاشتۇرۇپ تارقاتقىلى بولىدۇ) ئۇچۇر ئالاقە مۇھىتى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىجتىمائىي تاراتقۇلار كۈنىمىزدە پەقەتلا ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىسى ياكى مۇھىتى دىگەن تەبىردىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ سىياسەت، خەلقئارا مۇناسىۋەت، دۆلەت، مائارىپ، سەھىيە، تىجارەت، ئاممىۋى مۇناسىۋەت ساھەلىرىدە كۈچلۈك تەسىرىنى نامايەن قىلىۋاتىدۇ. ئىجتىمائىي تاراتقۇلار مەيلى قايسى ساھەدە بولمىسۇن ئىگە بولىدىغان مۇھىم بىرقانچە ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، ئىشلەتكۈچىلەر مۇددىئالىرىغا يېتىشتە مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

بىرىنچى ئۇچۇقلۇق. ئەقلىيفون ۋە شۇ تۈردىكى ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە ھەرقانداق نورمال ئەقىل ھۇشى جايىدا كىشى ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى ئىشلىتەلەيدۇ. ھېساپ ئېچىش ئۈچۈن ھېچقانداق يۇقىرى سەۋىيە ۋە شەرت تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى ئىشتىراك قىلىش، ھەربىر ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئىشلەتكۈچىسى خالىغان بىر ئورگان ياكى شەخىسنىڭ ھېسابىنى خالىغان ۋاقىتتا زىيارەت قىلالايدۇ. مەۋھۇم مۇھىتتا ئەركىن -ئازادە مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىش قىلالايدۇ.

ئۈچۈنچى دىئالوگ. دىيالۇگ مەلۇم مەزمۇن ھەققىدە ( يازما، ئېلان، ئۇقتۇرۇش، ساتىدىغان مەھسۇلات) ئىككى ياكى، ئىككىدىن ئارتۇق كىشى مۇلاھىزە، مۇزاكىرە تالاش-تارتىش ئېلىپ بارالايدۇ.

تۆتىنچى باغلىنىشچانلىق. خالىغان بىر ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابى بولغان بىركىشى باشقا ئىجتىمائىي تاراتقۇ دىتاللىرىغا ھىسابىنى باغلىيالايدۇ. ئۇلانما ئارقىلىق بىر ھېساپتىن يەنە بىر ھېساپقا رىغبەتلەندۈرەلەيدۇ.

بەشىنچى،دېمۇكراتىك. چەكلىمە بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ تەنبىھ، تەھدىت ۋە پىسخىكىلىق بېسىمدىن تەشۋىشى بولمىسىلا خالىغان نەرسىنى يازالايدۇ ۋە ئىنكاس بىلدۈرەلەيدۇ. ئالتىنچى، كۆپخىللىقا ئىگە. چېگرىسىز بوشلۇقتا ساناقسىز تىل ۋە كۇلتۇردىكى ئىنسانلارنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغىلى، ئەگەشكىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ يۇقارقى ئالاھىدىلىكلىرى ھەرساھە، ھەركەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەرخىل مەقسەتتە ئىشلىتىشىنى ئاسانلاشتۇرغان. بولۇپمۇ سىياسىي تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغانلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەرنى ياراتقان.

## كىنو-فىلىم ۋە چاتما تىياتىرلار

تەشۋىقاتنىڭ مەلۇم خىل مۇددىئانى مەقسەت قىلىنغان ئوبيېكتىپقا قوبۇل قىلدۇرۇش پائالىيىتى ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان ئىدى. تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ۋاستىلەر بولۇپ، كىنو ۋە چاتما تىياتىرلار ئۇلار ئىچىدىكى تەسىر كۈچى زور ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ئەمەلىيەتتە كىنو-فىلىملەر ئارقىلىق تەشۋىقات قىلىش ھادىسىسى يېڭى ھېسابلانمايدۇ.

ئەمما، قوللانغان تېخنىكا ۋە تاكتىكا جەھەتتىن ئىلگىرىكى تەشۋىقاتلاردىن پەرقلىنىدۇ.

تېخنىكىلىق تەرەققىيات ئىنسانلارنىڭ ئىستمال سەۋىيەسىنى ۋە خاراكتېرىنى زور دەرىجىدە يېڭىلىدى. خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىمۇ بۇ تېخنىكىلىق تەرەققىياتنىڭ سىرتىدا قالمىدى، ئەلۋەتتە. ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كۆپ خىللىششى قوبۇل قىلغۇچىلىرىنى يېڭىچە

ئىستىمال شەكلىگە ئادەتلەندۈردى. بۈرۈن مېدىيادا تەشۋىقاتلار بىۋاستە، ئوچۇقتىن ئوچۇق ئېلىپ بېرىلاتتى. كىشىلەر بارا- بارا بۇ خىل تەشۋىقات ئۇسۇلىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئوخشاش گەپ-سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بەزى تەشۋىقاتلارغا سەلبى كۆلەڭگە چۈشۈردى. بۇ بولۇمسىز ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە مېدىيا ساھەسى يېڭى بىر خىل تەشۋىقات ئۇسۇلىنى بازارغا سالدى ۋە مۇۋەپپىقىيەت قازاندى. بۈگۈنكى كۈندە مېدىيادىكى مەزمۇنلار دىگۈدەك كۆڭۈل ئېچىش خاراكتىرىنى ئېلىشقا باشلىدى. دەسلەپ تىجارى ئېلان ۋە تەشۋىقاتلار بۇ خىل كۆڭۈل ئىچىش تىپىدىكى ۋىدىيو ۋە كۆرۈنۈشلەرنى قوللانغانىدى. كېيىنچە بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى بايقىغان غەيرى تىجارى مۇددىئالىقلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە، پىكىر ۋە ياكى ئاۋامغا تاڭماقچى بولغانلىرىنى بىۋاستە تەشۋىق قىلماي ۋاستىلىق بازارغا سېلىشقا باشلىدى. يەنى كۆڭۈل ئىچىش خاراكتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار تەشۋىقاتنىڭ ۋاستىسى، مەزمۇننىڭ ئاۋامغا بېرىدىغان تۇيغۇسى ۋە يىتەكلەش كۈچى مۇددىئا قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغېنى كىنو بولدى. ئەمەلىيەتتە دىققەت قىلىپ كۆرىدىغان بولساق بىر كۆرىۋاتقان كىنو -فىلىملەرنىڭ كۆپىنچىسى مەلۇم خىل تەشۋىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تىلىۋىزىيە قانالىرىدا قويۇلىدىغان كىنو - فىلىملەر تېخىمۇ شۇنداق.

## كىنو فىلىملەر ئارقىلىق قىلىنغان تەشۋىقاتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

بىرىنچى، مەزمۇن ئادەتتىكىدىن كۆپ كىشىگە يەتكۈزۈلىدۇ. گېزىت-ژۇرنال ئارقىلىق قىلىنغان تەشۋىقات، يۇزتۇرانە قىلىنغان تەشۋىقات ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئارقىلىق قىلىنغان تەشۋىقاتلار مەلۇم گورۇپپا ياكى بىر قانچە گورۇپ كىشلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇخىل تەشۋىقاتلاردا مەزمۇن قىسقا بولۇش شەرت بولۇپ، قىسقا ۋاقىتتا كۆرۈپ تۈگىتىش كېرەك. بەزى تەشۋىقاتلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى كېيىن بىرقانچە قىتىم تەكرار كۆرۈلىدۇ، ئەمما كىنو - فىلىملەر نىسبەتەن ئۇزۇن ھېكايىلەر، تارىخىي ۋەقەلىكلەر، سىياسىي مۇددىئالارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەرنى جەلىپ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىر كىنودا ئائىلە، جەمئىيەت، سىياسەت، ئاشىق-مەشۇق ھىكايىلىرى... دىگەندەك بىرقانچە ساھە بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. كۆرگۈچىلەر ئېكرانغا باغلىنىپ ھېكايىنىڭ داۋامىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولىدۇ. ئەخلاققا زىت كۆرۈنۈشلەر بولماسلىق شەرتى ئاساسدا كىنو- فىلىملەر چوڭلارغىمۇ، ياشلارغىمۇ، كىچىكلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ. ياخشى ئىشلەنگەن كىنو فىلىملەر كۆرۈرمەنلەرنىڭ باشقا دوستلىرىغا، يېقىنلىرىغا تەۋسىيە قىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بەزى كىنولار، تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر تەكرار-تەكرار كۆرىلىدۇ.

ئىككىنچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى چوڭ بولىدۇ. باشقا تەشۋىقاتلاردا تەشۋىقات مەزمۇنى بىۋاستە ئوتتۇرغا قويۇلغاچقا ، قارشى تەرەپكە ئويلىنىش ۋە تەسەۋۋۇرۇ قىلىش پۇرستى ئاز بېرىلىدۇ. ئەمما كىنو - فىلىملەردىكى ۋەقەلىك كۆرۈرمەننى تەسىر ئاستىغا ئالالىسا، كۆرۈرمەن كىنو ئارتىسلىرى بىلەن ئوخشاش ھېسسىيات، خۇشاللىق ۋە غەم قايغۇلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. مەسىلەن، كىنو ۋە چاتما تىياتىرلاردا رول ئالغان ئارتىسلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساپلىرىغا قارايدىغان بولساق، كىنو - فىلىملەرنىڭ قانچىلىك تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بارلىقىنى بايقايمىز. كىشلەرنىڭ بۇ ئارتىسلارغا يازغان تەشەككۈر مەكتۇپلىرى، ئىنكاسلىرى، ھېس تۇيغۇلىرى بۇ خىل تەشۋىقات ئۇسۇلىنىڭ

ئۈنۈمىنىڭ روشەن ئىسپاتى.

ئۈچىنچى، ئورتاق تونۇش، ئورتاق ھېسسىيات ۋە ئورتاق چۈشەنچە يارىتىدۇ. ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىردىن بىرى بولغان ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش رولى كۈنىمىزدە تىياتىر ۋە كىنو -فىلىملەر بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. تاراتقۇلارنىڭ كۈچ خىللىشىشى، شەخسىي تېلېۋىزىيە ئىستانسى ۋە باشقا مېدىيا كۈچلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە كۆپ خىللىشىشى نەتىجىسىدە ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ كۆرۈرمەنلەرنى ئوخشاش ئاڭ، ئوخشاش ئىدىيە، ئوخشاش چۈشەنچە بىلەن بىر خىل مۇددىئاغا خىزمەت قىلدۇرۇش رولى تولىمۇ تەس بىر ئىشقا ئايلاندى. ئەمما كىنو فىلىملەر ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىۋاتىدۇ. كۆپ سانلىق كىشلەر خەۋەر، ئانالىز، سەنئەت قاتارلىق پروگراممىلارنى قانال ئارىلاپ، قانال ئاتلاپ كۆرسىمۇ كىنو-فىلىملەرگە كەلگەندە تىزگىنەكنى ئاستا قويۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىنو- فىلىملەر كىشلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە بىراز راھەتلىك ئاتا قىلىش ئارقىلىق بۇ پۇرسەتتە مۇددىئاسىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر فىلىمنى كۆرگەن بىرئائىلە كىشلىرى، بىر جەمئىيەت، بىر كوللىكتىپ قىسمەن بولسىمۇ بىرخىل تونۇش بىرلىككە ئېلىپ كېلىنىدۇ.

تۆتىنچى، تۈر ئىشلىنىپ بازارغا كىرمەي تۇرۇپلا تەشۋىقات خىزمىتى نەتىجە قازىنىشقا باشلايدۇ. بىر كىنو فىلىمنىڭ ئىشلىنىشى ئۈچۈن سىنارىست، رېژىسسۇر، ئارتىس، ئارقا سەپ خىزمىتى، پەردە ئارقىسى خىزمىتى، گىرىمچىك، مونتاژ، يەر تەييارلىغۇچى، چاپچى دىگەندەك 100گە يېقىن ئادەمگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ 100 كىشى ئارقىلىق ئەڭ ئاز مىڭ كىشى بۇ فىلىم ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئىشلىنىدىغان تۈرگە داڭلىق ئارتىسلار تەكلىپ قىلىنىپ ئىشلىتىلگەندە ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بەشىنچى. ئىككى خىل ئۈنۈم قازانغىلى بولىدۇ. تۈر بازار تېپىپ كەتسە نۇرغۇن ئىقتىسادى قىممەت يارىتىدۇ. فىلىمنىڭ بازار تېپىشى بىرتەرەپتىن ئىقتىسادى ئۈنۈم ياراتسا يەنە بىرتەرەپتىن كۆرۈرمەن سانىنى ئاشۇرىدۇ.

تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە كىنو - فىلىم ئارقىلىق ئۇيغۇر داۋاسىنى تەشۋىق قىلىش پىلانى تەشكىلاتچىلار ۋە سەرخىللار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىمۇ يوق بۇنىسى نامەلۇم. يوتيۇپ ياكى گۇگېلدىن ئىزدىسەك يەھۇدىي ۋە ئەرمەنىلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە ئىشلەنگەن فىلىملەرنى خېلى كۆپ تاپالايمىز، بولۇپمۇ گېتلىرنىڭ يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدە. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق باش تېما قىلىنغان فىلىملەرنى شاھىتلارنىڭ كەچۈرمىشى ئاساسىدا سىنارىيەلەشتۈرۈپ ئىشلىتەلىسەك، مۇمكىن بولسا ۋۇللۇۋۇدتەك داڭلىق كىنو شىركەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە فىلىم ئىشلىشىنى قولغا كەلتۈرەلىسەك، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ خەلقئارا كۈنتەرتىپتىكى ئىزچىللىقى داۋاملىق ساقلىنىشى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان تونۇش ۋە قىزىقىشىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

## خۇلاسە

ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى ياكى قىسقا ئىسمى بىلەن مېدىيا گېزىت، ژۇرنال، رادىيو،

تېلېۋىزور، كىنو-فىلىم، چاتما تىياتىر، پىلاكات، ئېلان تاختىلىرى ۋە ئىنتېرنېتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى مېدىيا دەپ تەرىپلەنگەن، كۈنىمىزدە ئىجتىمائىي تاراتقۇ ياكى ئىجتىمائىي مېدىيا دەپ تونۇلغان ۋاستىلەر ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر مىنۇتىدا مەۋجۇتلۇقىنى بىزگە ھېس قىلدۇرۇپ تۇرماقتا. ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەربىر تۈرى ئۆز زامانىدا ئۆزىگە ۋە زامانىغا خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى چۆرىدىگەن ئاساستا رولىنى جارى قىلدۇرغان. گەرچە تېخنىكىلىق تەرەققىياتلار نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى ئاجىزلىغانىدەك قىلسىمۇ، ئەمما تېخىچە ئۇنۇمىنى يوقاتقىنى يوق. ھەتتا، تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلىپ ئۇنۇمى بۇرۇنقىدەك يۇقىرىراق بولۇۋاتىدۇ دېيىش مۇمكىن.  ئاممىۋى خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرى ياكى مېدىيانىڭ ئاساسلىقى فۇنكسىيەسى خەۋەر ۋە ئۇچۇر بېرىش، تەربىيەلەش، مەنىۋى زوق ئاتا قىلىش (تاماشا)، مۇنازىرە ۋە دىئالوگ سورۇنى ھازىرلاش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تۈرتكە بولۇش، كۇلتۇرەل تەرەققىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، دەپ ئىزاھلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ ۋاستىلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى تارىخىي ھەقىقەتلەر بىزگە كۆرسىتىپ بەردى. يۇقارىدىكى فۇنكسىيەلەرنىڭ ئارىسىغا ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن پىكىر ۋە تەپەككۇر لىنىيەلىرى كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراش ۋە تاللاشلىرىغا ئەندىزە يارىتىشقا تىرىشتى. سىياسىي كۈچ مەركەزلىرى باشقۇرۇشىدىكى كەڭ ئاۋامنى ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتتە ھەرىكەت قىلغۇزۇش ئۈچۈن مېدىيادىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. مېدىيا ۋە سىياسەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە ۋە تۇيغۇر مۇناسىۋەتلەر سىياسەتچىلەرنىڭ مېدىيانى تەشۋىقات ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. (ئەلۋەتتە، بۇ، بۇ يازمىنىڭ مەقسىتى ئەمەس). ئىنتېرنېت ۋە يېڭى مېدىيا تېخنىكىلىرى بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ تەشۋىقات پائالىيەتلىرى تېخىمۇ ئاسانلاشتى. ئەمما، ئىنتېرنېت دەۋرىدە ئاۋام بۇرۇنقىدەك پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ بولۇشتىن قۇتۇلدى. ئاۋام ئىنتېرنېت سايىسىدە نىسبەتەن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلالايدىغان، ئوي-پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولدى.  بۇ نۇقتىدا ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلاتقۇسى بار ئېزىلگەن خەلقلەرمۇ ئىنتېرنېت ۋە يېڭى مېدىيا سايىسىدە جامائەت پىكرى يارىتالايدىغان ھالەت شەكىللەندى.

**مەنبە**


1. Ahmet Kalender, Seçmenin Karar Sürecinde İletişim Araçları Ve Yöntemlerinin Önemi Üzerine Bir Araştırma, Selçuk İletişim Fakültesi, 2(4), Konya 2003. S. 31.

2. Macbride, Sean, “Many Voices One World” Adlı Rapor, Un-Documents.Net, Yayım Tarihi: 1980. Http://Un- Documents.Net/Macbride-Report. Pdf , (Erişim: 27 Ağustos 2020)

3. İrfan Erdoğan Ve Korkmaz Alemdar, Öteki Kuram, Erk Yayınları, 2005, Ġstanbul, S.115

4. Basnn Doğuşu Ve Gelişimi, Milli Eğitim Müdürlüğü, Ankara, 2011, s. 9

5. Oya Türkgöz, Gazetecilik Temelleri, İmge Yayınları, İstanbul 1994. S.33

6. Erol, Gülbuğ & Cerrahoğlu, Necati & Çakı, Caner (2017): Hitler Dönemi Eğitim Yapısındaki Otokrasinin: Die Welle Filmi Üzerine Göstergebilimsel İnceleme.Https://Www.Researchgate.Net/Profile/Caner_Caki/Publi   Cation/323511779

7. Ayşe Yurdakul & Altan, 2019. Alperen Alman Dili ve Kültürü Araştırmaları Dergisi Zeitschrift Für Forschungen Zur Deutschen Sprache Und Literatur Cilt: 1, Sayı: 2, Kış 2019

8. İsmail Kaplan, Türkiye'de Milli Eğitim İdeolojisi, İstanbul, İletişim Yayınları, 2005, Akt. Öztan, Türkiye'de Çocukluğun Politik İnşası, 2. Bs.., İstanbul, İstanbul Bilgi Üniversitesi Yayınları, 2013

9. Huriye Kuruoğlu, 2006. Propaganda Ve Özgürlük Aracı Olarak Radyo, Ankara: Nobel Yayın Dağıtım, S.8

10. Osman Özsoy, 1998. Propaganda Ve Kamuoyu Oluşturma, Ankara: Alfa Yayınları; 1. Basım S.51

11. Arsen Bektaş, 2022. Siyasal Propaganda, İstanbul: Bağlam Yayıncılık, S.109

12. Sancar, Gaye Aslı, 2014. Kamu Diplomasisi ve Uluslararası Halkla İlişkiler, İstanbul: Beta Basım Yayım S. 188

13. Tüketiciler Birliği, 2011. Rekabet, Serbestleşme ve Sorunları İle İletişim Raporu, S. 3

14. Kalender, Ahmet (2003). Seçmenin Karar Sürecinde İletişim Araç ve Yöntemlerinin Önemi Üzerine Bir Araştırma, Konya, Selçuk İletişim, Cil 2, Sayı 4. S.31

15. Clark, Toby, (1997), Sanat ve Propaganda, Çev: Esin Hossucu, Ayrıntı

16. Yayınları, İstanbul.S.140-141

17. Sezer Akarcalı: Iı Dünya Savaşında Propaganda, İmaj Yayınları, Ankara 2003, S. 109-110.

18. Jean Marie Domenach: Politika Ve Propaganda, Çev. Tahsin Yücel, Varlık Yayınları, İstanbul 2003, S14.

19. مۇختار مەخسۇت: مۇخبىرلىق سەنئىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2012-يىلى 1-بەت.

20. Https://Www.Nedir.Com/Afi%C5%9f

21. Https://Ukma.Org.Uk/What-You-Can-Do/

22. Https://Www.Hurriyet.Com.Tr/Dunya/Kanitlandi-Hitler-Tek-Testisliymis-40028971

23. Https://İslamansiklopedisi.Org.Tr/Mecmua (Erişim: 20 Ekim 2020)

# كۇچادا كارىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى تارىخىي ۋەقەلەر

قىسقىچە مەزمۇنى: كارىز دۇنيا سۇ ئىنشائاتى تارىخىدىكى بىر مۆجىزىلىك قۇرۇلۇش بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. كارىز ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى يۇرتلارغا كەڭ تارقالغان بولسىمۇ ، ئەمما ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن تۇرپاندىن باشقا يەردىكىلىرى ئاساسەن ساقلىنىپ قالمىغان.

كۇچادا كارىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ئانچە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەمەس ھەم ئانچە ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانمۇ ئەمەس. گەرچە ئۇ تېز پەيدا بولۇپ، يەنە شۇنچە تېز تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۇچا بوستانلىقىغا بىر مەزگىل ھاياتى كۈچ بەخش ئېتىپ، كۇچالىقلارنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مەن بۇ ماقالىدە كۇچادا كارىزنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن ئۇنىڭغا يانداش يۈز بەرگەن بىر قىسىم مۇھىم ۋەقەلەرنى بايان قىلىمەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: كۇچا، كارىز، خاتۇڭلىك**

Summary: Karez world water system is a historical miracle construction which plays an important role in the history of Uyghur culture. Although it is widely spread in all the villages in the south and north of the Tengritagh mountains, where the Uyghurs have been living for a long time, but for various reasons, most of them have not survived except the one in Turpan.



**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت**

مۇستەقىل تەتقىقاتچى

ستوكھولم ــ شىۋېتسىيە

E-mail:qumtur@gmail.com

The emergence of Karez in Kucha has not a long history and has not been around for a long time. Although it appeared and disappeared from the historical stage just as quickly, it gave life to oasis of Kucha for a while and left a historical mark for the people of Kucha to remember. In this article, I will describe the historical events related to emergence of Kucha Karez and some other important events that are related to it.

## كىرىش سۆز ئورنىدا

كارىز تىلغا ئېلىنغاندا كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرپان ياكى تۇرپاندىكى كارىزلار كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كارىزلار تۇرپان ئويمانلىقىدىن سىرت، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرك، گۇچۇڭ، مورى، كۇچا، ئاتۇش ۋە گۇما قاتارلىق جايلاردىمۇ بولغان[1]. بىراق تۇرپاندىن باشقا جايدىكىلىرى ئاللىقاچان تارىخ سەھنىسىدىكى رولىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ھەتتا كارىزنىڭ ئورنىدىنمۇ ئىزنا قالمىغان. كۆپىنچە يەرلەردىكى كارىزلارنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، كارىز قۇدۇقلىرى تىندۇرۇلۇپ ئېتىزلىققا ياكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ قېزىلىش تارىخى ئۇزۇن، قېزىلىش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، سۇ مىقدارى مول ھەم ھازىرغىچە خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى بۈيۈك مۆجىزىلەر قاتارىدا دۇنيا غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىردى.

كارىز» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «كار» ۋە «ئىز» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە سۆزدۇر. ئۇ تارىم ۋە جۇڭغار بوستانلىقىدا 2000 يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ زۇمرەتتەك سۈلىرى بىلەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان [2] بۈيۈك يەر ئاستى قۇرۇلۇشىنىڭ خاس نامىدۇر . كارىز تىك قۇدۇق، تەشمە، ئوچۇق ئېرىق ۋە كارىز كۆلىدىن ئىبارەت قۇرۇلمىلاردىن تەشكىل قىلىنغان يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتى بولۇپ، تەكلىماكان ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدەك ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ياسالغان بۈيۈك تارىخىي قۇرۇلۇشتۇر.

كۇچا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ مەنبەسى بىر قەدەر مول رايون ھېسابلانسىمۇ، ئەمما سۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تاغدىن ئېقىپ كېلىدىغان قار- مۇز سۇلىرى ۋە يامغۇر تاشقىنلىرى بولغاچقا، كۇچانىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم رايونلار يەنىلا تېرىقچىلىق پەسلىدە سۇدىن قىيىنىلاتتى. شۇڭا 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇچاغا ئەمەلدار بولغان قادىر ئىسىملىك كىشى كۇچادا كارىز قېزىشقا يېتەكچىلىك قىلغان. تارىخىي مەنبەلەردە بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۇچادا كارىزنىڭ بولغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. بەلكىم كۇچانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا قېزىلغان بۇ كارىز كۇچا تارىخىدىكى تۇنجى كارىز بولۇشىمۇ مۇمكىن..

## كارىز بارلىققا كەلگەن دەۋردە شارائىت ۋە قادىر

مانجۇ ئىمپېرىيىسى 1912-يىلى يىمىرىلگەن كېيىن، ئىمپېرىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئايلىنىپ قالغان مىللەتلەردىن موڭغۇل ۋە تىبەت دەرھال مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆز- ئارا ھەمكارلىق ئورناتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر خەلقى يەنىلا مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ كونا ئەمەلدارى

ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قىلىۋەردى. مانجۇ دەۋرىدە ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيگەن ئەمەلدارلار يېڭى دەۋرگە ماسلىشىپ، مانجۇچە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆز ئالدىغا نىسبىي مۇستەقىل بولغان ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلدارلىق كىيىملىرىنى كىيىشتى. كۇچادا كارىز قېزىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ئابدۇقادىر شۇ دەۋردە ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيگەن كىشى بولۇپ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ كۇچاغا تەيىنلىگەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارى ئىدى.

ئابدۇقادىر ئەسلى توقسۇنلۇق كىشى بولۇپ تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئەمما «كۆسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا تىلغا ئېلىنغان: «ئابدۇقادىر 1914-يىلى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئەمەلگە تەيىنلىنىپ كۇچاغا كەلگەندە 45 ياشلاردا ئىدى »[3] دېگەن ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇقادىرنى 1869-يىلى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرالايمىز. ئابدۇقادىر ياش چاغلىرىدا خىتاي تىلىدىكى «شۆتاڭ» دا ئوقۇغان بولۇپ، خىتاي تىلىغا ناھايىتى پۇختا بولغان. بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسلاندا، ئابدۇقادىر ئەينى يىللىرى يۈەن شىكەينى تۈنجى نۆۋەتلىك مىللەتچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتلىقىغا سايلاش سايلىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تۇرپاندىن ۋەكىل بولۇپ بېيجىڭغا بارغان . يىغىندىن كېيىن، يۈەن شىكەينىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئەمما بۇ ئۇچۇرنى تەستىقلايدىغان ھېچقانداق تارىخىي مەنبە يوق. مەيلى قانداق بولمىسۇن ئابدۇقادىر كۇچاغا «توڭلىڭ، يەنى باش قوماندان» بولۇپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىللىكى، ئادالەت سۆيەرلىكى، خەلقپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن كۇچا خەلقىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. ئابدۇقادىر كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم پارىخور، زالىم ئەمەلدارلارنى جازالاپ، جەمئىيەتتە ئادالەت بەرپا قىلغان. بازارلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئالۋاڭ- ياساقنى ئازايتىپ، تىجارەتنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغان. ئەينى يىلى كۇچادا ئېچىلغان تۇنجى جەدىد مەكتەپكە ئوغۇل- قىزنى بېرىپ، يېڭىچە مەكتەپنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قوللىغان ۋە ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايەن قىلغان. ئابدۇقادىر كۇچاغا كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن، ھەج سەپىرىگە چىققان بولۇپ، قايتىشىدا مىسىر تۈركىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ، بەزى يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلغان. كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۇچانىڭ شەرقىدىكى ھازىرقى ئۇچا يېزىسىغا تەۋە يەردە كارىز قازدۇرۇپ دېھقانلارنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

ئابدۇقادىر كۇچادا 1928-يىلىغىچە جەمئىي 14 يىل ھوقۇق تۇتقان بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا «خا تۇڭلىك»،« ئابدۇقادىر ھاجى تۇڭلىڭ» دېگەندەك ناملار بىلەن مەشھۇر بولغان. ئەسلى ئابدۇقادىر ھاجى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۇچادا ياشاش نىيىتىگە كېلىپ ئۆي سالدۇرغان ۋە قەبرىسىنى قازدۇرۇپ، گۈمبەز قوپۇرغان.[4] ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا جىن شۇرېن بىراق 1928- يىلى ياز زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كۇچادا مەڭگۈ ياشاپ قېلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، قورو-جايىنى قاسىم زەرگەرگە 80 تەڭگىگە سېتىپ يۇرتى توقسۇنغا قايتقان ۋە كۇچا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان[5].

ئەينى چاغدا ئابدۇقادىرھاجى تۇڭلىڭ بىلەن زاماندااش بولغان كۇچالىق شائىر ۋە تارىخىي قارى بائىز تۇردى ئابدۇقادىر ھاجى تۇڭلىڭنى مەدھىيىلەپ 1921-يىلى تۈۋەندىكى « مەدھىيە » ناملىق ئۇزۇن شېئىرنى يازغان:

خۇداغا شۈكرى بۇ يۇرتنا ئەجەپ بەركەت نەما بولدى،
بۇ خاتوغلىنىڭ دىيانەت ئەدلىدىن خەلقىم رىزا بولدى.
دىيارىم ئىچرە ھەر ئادەم ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەر ئالقاب،
ئۆزىنىڭ ياخشى ئىقبالى خەلققە باش پانا بولدى.
كوچادا نەچچە خىل ئالۋان، ياساقلار مەنئى بولدىلار،
بۇ ئىشلار يۇرتنا كۆيگەن چوڭ شاپائەتتىن بەنا بولدى.[6]

## كارىزنىڭ قېزىلىشى

ئابدۇقادىر ھاجى توغلىنىڭ ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن كېيىن، كوچادا كارىز قازدۇرۇش ئۈچۈن تۇرپاندىن تۆت ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە پىلان تۈزۈپ، كارىز قازىدىغان يەرنى ھازىرقى ئۈچا يېزىسىنىڭ قارا ئۆزمە كەنتى ۋە ئىشخالا يېزىسىنىڭ قوم ئېرىق كەنتى قىلىپ بېكىتىدۇ. ئۇ كارىز قۇرۇلۇشىغا يالغۇز دېھقانلارنى ئىشلەتمەستىن، يەنە ھۆكۈمەت ئىشىنى بىكار يەۋاتقان ئەسكەرلەرنىمۇ ئەكىلىپ ئىشلىتىدۇ. قۇمئېرىق كەنتىنىڭ جەنۇبىدا ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى قۇر كارىز ۋە ئاخىرىغا چوڭ بىر كۆل كولىتىدۇ.

كارىزدىن سۇ چىققاندىن كېيىن، تۆۋەن تەرىپىگە 30 مېتىر كەڭلىكتە، ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسىتىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تېرەك تىكتۈرىدۇ. 100 مو چوڭلۇقتا باغ بىنا قىلىپ، مەدرىسە ۋە مەسچىت سالدۇرىدۇ. ئاندىن كىشىلەرنى ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىشقا، دۇكان-ساراي سېلىشقا ۋە سودا- سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە يېڭى بىر بازار بارلىققا كېلىدۇ. يېمەك-ئىچمەك دۇكانلىرى قۇرۇلىدۇ، دېھقانلار مېۋە-چېۋە ، ئوتياش- كۆكتاتلىرىنى، ھۈنەرۋەنلەر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ سېتىشقا باشلايدۇ. بازار بارغانچە ئاۋاتلىشىدۇ. ئەتىياز كۈنلىرى نورۇز پائالىيەتلىرى تەشكىللىنىپ، نورۇز مەشرىپى، دار ئويۇنى، ئوغلاق تارتىش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش قاتارلىق ئويۇن-تاماشىلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەينى چاغدا كارىز سەيلىسىگە يېقىن ئەتراپتىكى توقسۇ، شايار ۋە باي ناھىيىلىرىدىنمۇ ئادەملەر كېلىپ قاتنىشىدۇ. [7].

ئەينى چاغدا كارىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىر تارىخچى قارى بائىز تۇردىنىڭ « مەدھىيە» ۋە «مىڭ تەن ئاتا» ناملىق شېئىرلىرىدا كارىز ھەققىدە خېلى كۆپ تەسۋىرلەر بولۇپ، كوچا تارىخ ماتېرىياللىدا تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى بىرمۇبىر تەستىقلايدۇ:

..........

كارىز ئۈچۈن نەزىر بېرىپ،
يول ئۇستىگە شەھەر سېلىپ،
مەشرەپ قىلىپ يۇرت قىچقىرىپ،
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.
يولنىڭ چېتى قاتار دۇكان،
ئەھلى كاسىپ ئورۇنلاشقان،
كارىز گۈزەل بازار بولغان
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا
يولى تۈز، كەڭ، ئېرىق ياندا
زىبا تېرەك قاتار-قاتار
ئىككى ياندا قايىنام بازار
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا

چۆل زېمىننى ئاۋات قىلىپ،
مەسچىت، مەدرىس مەكتەپ سېلىپ،
مەرىپەتكە كەڭ يول ئېچىپ
يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا[8].

..........

1917- يىلى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر ئېلىغا زىيارەتكە كەلگەن خونەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادشۇناس پىروفېسسورى شىن بىن كۇچاغا كەلگەندە، كۇچادا بىنا قىلىنغان كارىزنى كۆرۈپ، «خايۇجى قازغان كارىزنى كۆردۈم، كارىزنىڭ سۈيى ئۇلۇغ بولۇپ، كۈنگە 20 نەچچە مو يەرنى سۇغۇرالايدىكەن » دەپ يازغان[9].

كۇچادىكى كارىز جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان ھالەتتە شەرق ۋە غەرب تەرەپتە ئىككى قۇر قېزىلغان بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتىر، تىك قۇدۇقىنىڭ سانى 17، باش قۇدۇقىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 13 مېتىر بولغان. غەرب تەرەپتىكى كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر بولۇپ، تىك قۇدۇقىنىڭ سانى 17، باش قۇدۇقىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 13 مېتىر بولغان. ئەينى يىللىرى ساقاغۇ، قارائۇزمە، قۇمئېرىق قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان بۇ كارىز 1915 ۋە 1916-يىللىرى ئارىلىقىدا قېزىلغان بولۇپ، قادىر ھاجى تۆگىلىك 1928-يىلى يۇرتىغا كەتكەندىن كېيىن كارىزغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقماي تاشلىنىپ قالغان. كارىزنى قەرەللىك ئاسراپ ۋە تازىلاپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، يىللار ئۆتكەنچە سۇ مەنبەلىرى ئېتىلىپ قېلىپ، سۇ مىقدارى ئازلاپ 1937- يىلىغا كەلگەندە ئاران كالا، قوي ۋە ئاتلارنى سۇغۇرالايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. 1958-يىلى كارىزدا بىر قېتىم زور تازىلاش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما سۇ مىقدارىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. 1970-يىلى بۇ يەرگە كۇچا ئايرودورومىنى سېلىش پىلان قىلىنىپ، كارىزلار تىندۇرۇۋېتىلگەن.

## كارىز ناخشىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە نىساخان ئابدۇۋەلى

1924- يىلى كارىز ئەتراپىغا بىنا قىلىنغان« خانلىق باغ »نىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرى مېۋە بېرىشكە باشلىغان ، قۇرۇلغان بازارلار ئاۋاتلىشىپ ، كارىز مەشرىپى ۋە سەيلىلىرى راسا قىزىغان يىللار ئىدى. بىر كۈنى كۇچانىڭ 11-ئەۋلات تارخان بېگى مەھپۇز ۋاڭنىڭ ئۆز دادىسى، يەنى 10- ئەۋلات تارخان بېگى مۇھەممەت ئىمىن شىتەي ۋاڭنىڭ ئىنىسى مەخسۇت خوجا ماموت مىراپ ۋە سەلەي چاققان ئىسىملىك ئىككى ئادەمنى باشلاپ كارىز سەيلىسىگە داخىل بولىدۇ. ئۇلار كارىز سەيلىسىدە راسا ئىچىپ، مەس بولۇپ ھوشىنى بىلمىگىدەك ھالغا كېلىدۇ. مەخسۇت خوجا ئەل ئارىسىدا زوڭگەي خوجام نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، كارىز سەيلىسىدە ئۇنى تونۇيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى. كارىز سەيلىسىدىكى مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زوڭگەي خوجام مەخسۇت خوجىنىڭ ئۆيىگە كەتمەكچى بولىدۇ. مەخسۇت خوجىنىڭ ھالىنى كۆرگەن داستىخانداشلىرى ئۇنى مېڭىشتىن توسىدۇ، ئەمما مەس بولۇپ كەتكەن مەخسۇت خوجا باشقىلارنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئېتىنى مىنىپ يولغا راۋان بولىدۇ. ئەمما يول ئۈستىدە ئېتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن خەلق قوشاقچىسى ھېلىماخۇن خەلپەت مەخسۇت خوجىنى مەسخىرە قىلىپ، « كارىز سەيلىسى» ناملىق قوشاقنى يېزىپ چىقىدۇ. ناخشىچى نىساخان ئابدۇۋەلى كۇچا خەلق

ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ئاساسىدا بۇ قوشاقتا ئاھاڭ ئىشلەپ چىقىدۇ ۋە بۇ ناخشىنى توي-تۆكۈن ۋە مېھماندارچىلىقلاردا ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ناخشا خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ، «كارىز ناخشىسى» نامى بىلەن كۇچا خەلق ناخشىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

### كارىز ناخشىسى

ئالتە شەگە داڭ كەتتى،
بۇ يىل كارىزنىڭ سەيلىسى.
بىر تەرەپتە نەغمىسى بار،
ياش باللارنىڭ غەلۋىسى.

كارىز يولى ھەيۋەتلىك،
ئىچكەن سۈيى شەربەتلىك.
كارىزدا ئۆلۈپ كەتتى،
زوڭگەي خوجام رەھمەتلىك.

زوڭگەي خوجام ئۆي سالىپتۇ،
تۆت بۇرجەككە گۈل قويۇپ.
بىر بۇرجىكى قالغاندا،
ئاخىرەتكە يول ئېلىپ.

زوڭگەي خوجام پىلدىرلاپ،
كارىزغا چىقتى ئالدىراپ.
زوڭگەي خوجامنى ئالدىغان ،
سەلەي ھەم مامۇت مىراپ.

كارىز يولى ئوي لەڭزە،
ئەتراپى قومۇش لەڭزە.
زوڭگەي خوجامنى يوقاتقان،
بەش جىڭ ھاراق خوخەنزە [10].

نىساخان ئابدۇۋەلى كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامانغا يېتىپ كېلىشىدە تۆھپىسى زور سەنئەتكار بولۇپ قالماستىن، يەنە بىر قولىدا داپ يەنە بىر قولىدا دۇتتار چېلىپ ، ناخشىنى ئۆزى ئورۇنداشتەك ماھارەتنى ئىجات قىلغان ماھىر سازەندىدۇر. نىساخان ئابدۇۋەلى 1902 - يىلى كۇچا كونا شەھەردە بىر خەلق سەنئەتكارى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. نامراتلىق سەۋەبىدىن يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان نىساخان ئائىلىسى يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ناخشا-مۇزىكا بىلەن جان باققان. سەرسانلىق داۋامىدا ئانىسى دەرت يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا ناخشا ئېيتىپ، تۇرمۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىشى ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن نىساخاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن.

نىساخان كىچىكىدىنلا تەڭسىز جەمئىيەتنىڭ زۇلۇملىرىنى كۆرۈپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ناخشىلىرىدا تەڭسىزلىككە بولغان ئۆچمەنلىكنى ئىپادىلەپ كەلگەن. 1945- يىلى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىسىملىرى بايغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى كۇچاغا يېتىپ كەلگەندە، نىساخان كىشىلەرنى كۈرەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەنقىت قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق ساقچى، ھەربىيلىرى بىر تەرەپتىن نىساخاننىڭ ئۈستىدىن پىتنە-پاساتلارنى تارقىتىپ ئۇنى جەمئىيەتتە سېستىماقچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نىساخانغا يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئۇنى باي ناھىيىسىگە قاچۇرۇۋېتىدۇ. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئالغاندىن كېيىن كۇچاغا قايتىپ كېلىپ قايتىدىن سەنئەت ھاياتىنى باشلايدۇ. ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن 300 دىن ئارتۇق كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى توپلاپ،

كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ سىستېمىلىشىشى ۋە كېيىنكى ئەۋلات ئىزباسارلارنىڭ كۇچا خەلق ناخشىلىرى بويىچە تەربىيىلىنىشىگە ئاساس يارىتىدۇ. رىسالەت ھاپىز، تۇنسا مۇھەممەد، ئايتىللا ئەلا، رابىيە مۇھەممەد، تۇرسۇنگۈل ساماساق قاتارلىق 10دىن ئارتۇق ناخشىچى ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىن مېڭىپ ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تونۇلغان ناخشىچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتىدۇ. بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ خەلق سەنئەتكارى دەپ ئاتالغان نىساخان ئابدۇۋەلى پۈتۈن ئۆمرىنى كۇچا خەلق ناخشىلىرىغا بېغىشلايدۇ. تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قولىدىن دۇتتار بىلەن داپنى، ئېغىزىدىن كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى چۈشۈرمىگەن بۇ ناخشىچى 1987 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتىدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. شىنجاڭدىكى يەر ئاستى قۇرۇلۇشى- كارىز، غوپۇر نۇرىدىن تولىمبوك، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2007-يىلى 1- نەشرى
2. كۇچادا كارىزنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى ۋە ۋەيران بولۇشى، داۋۇت مەخسۇت «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2012-يىللىق1-سان
3. قادىر تۇلىنىڭ ۋە كۇچادا كارىزنىڭ بارلىققا كېلىشى، «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» 1994-يىلى ، 3 -سان.
4. شائىر قارى بائىزى تۇردى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى، « ئاقسۇ قەدىمكى كىتاب تەتقىقاتى» 1986-يىلى، 1-سان.
5. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كۇچا رايونىغا كەلگەن تارىخىي شەخسلەر، قۇربانجان ئابلىكىم، «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2014-يىلى 3-سان.
6. كۇچا خەلق ناخشىلىرى، ئەھەت داۋۇت، شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى، 2004-يىلى، 1-نەشرى


## ئىزاھاتلار:


1 «كارىز»، غوپۇر نۇرىدىن تولىمبەگ، 2007 -يىلى، 43 -بەت
2 «كارىز»، غوپۇر نۇرىدىن تولىمبەگ، 2007 -يىلى، 1 -بەت
3 « كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، داۋۇت مەخسۇت ، 2012 -يىلى، 1 -سان، 31 -بەت
4 ««كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1994 - يىلى، 222 -بەت، داۋۇت مەخسۇت،
5 « كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، داۋۇت مەخسۇت ، 2012 -يىلى، 1 -سان، 34 -بەت
6 «ئاقسۇ قەدىمقى كىتاب تەتقىقاتى»، قارى بائىزى تۇردى، 1986 -يىلى، 89 -بەت
7 «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى»، داۋۇت مەخسۇت، 1994 -يىلى، 219 -بەت
8 «ئاقسۇ قەدىمقى كىتاب تەتقىقاتى»، قارى بائىزى تۇردى، 1986 -يىلى، 81 -بەت
9 « كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، قۇربانجان ئابلىكىم ، 2014 -يىلى، 3 -سان، 15 -بەت
10 «كۇچا خەلق ناخشىلىرى»، ئەھەت داۋۇت، 2004 -يىلى، 33 -بەت

# بىئولوگىيە ۋە تارىخ

تارىخ بىئولوگىيەنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى دېڭىز - قۇرۇقلۇقتىكى جانلىقلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىنىڭ بىر ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ . بەزىدە بىز ئورمانلىقتا يۈرگىنىمىزدە، يۈزلەرچە ئۈچىدىغان، سەكرەيدىغان، ئۆمىلەيدىغان، ئۆڭكۈردە ياشايدىغان جانلىقلارنى ئاڭلايمىز ياكى كۆرىمىز . بىزنىڭ كېلىشىمىزگە ھايۋانلار ئۈركۈپ تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كېتىدۇ ؛قۇشلار ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىدۇ، بېلىقلارمۇ دەرھال سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ . بىز تۇيۇقسىز بۇ بىتەرەپ پىلانېتادا، ئىنسانلارنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق دەرىجىدە ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. بىز شۇئان بۇ جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتىدىن، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ماكانىغا بۆسۈپ كىرگەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. شۇ چاغدا ئىنساننىڭ بارلىق تارىخى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆپ مەنبەلىك ھاياتنىڭ تارىخىغا ۋە نۇقتىئىنەزىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ماھىيەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بارلىق تالاش - تارتىشلىرىمىز ، جۇپتىمىز ئۈچۈن قىلغان جېدەللىرىمىز، ئاچلىق، مۇھەببەت، قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئۇرۇشلىرىمىزنىڭ، قۇرۇپ كەتكەن ياغاچلارنىڭ، تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنىڭ ئاستىغا ياكى سۇ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان جانلىقلارنىڭ ئوزۇق ئىزدىشى، جورا تالىشىشى، كۈرەش قىلىشى ۋە ئازاب – ئوقۇبەتلىرىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق!

بۇ يەردە بىئولوگىيە قانۇنىيىتى تارىخنىڭ نېگىزلىك ساۋاقلىرىدۇر. بىز تەدرىجى تەرەققىيات جەريانىغا بويسۇنىمىز، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، كۈچلۈكلەر، غەلىبە قىلغانلار ۋە ماسلىشالىغانلارلا مەۋجۇت بولالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەدرىجىي تەرەققىيات سىنىقىغىمۇ ئۇچرايمىز. بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنى بۇ تالاش-تارتىش ياكى سىناقنىڭ ئىچىدە ئەمەستەك ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن،ئەمەلىيەتتە،بۇ تامامەن بىز مەنسۇپ بولغان گۇرۇپپىنىڭ بىزنى قوغدىغانلىقىدىندۇر. ئەمما بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۆزى چوقۇم ياشاش سىنىقىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك .

شۇڭا تارىخنىڭ بىرىنچى بىئولوگىيە دەرسى شۇكى ، ھايات رىقابەتتىن ئىبارەت. رىقابەت پەقەت سودا ھاياتى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ھاياتلىق سودىسىدۇر. يەنى ئوزۇق – تۈلۈك مول چاغدا رىقابەت تىنچ شەكىلدە بولسا، ئوزۇق – تۈلۈك يېتىشمىگەندە بولسا رىقابەت شىددەتلىك تۈس ئالىدۇ. ھايۋانلار خاتىرجەم بىر-بىرىنى يەيدۇ، مەدەنىيەتلىك كىشىلەر مۇۋاپىق قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق بىر- بىرىنى يوقىتىدۇ. ھەمكارلىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرىدۇ، لېكىن كۆپ قىسىم ئىنسان ھەمكارلىقنى رىقابەتنىڭ ۋاسىتىسى ياكى ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: بىزنىڭ گۇرۇپپىلىرىمىز،يەنى ئائىلىمىز، مەھەللىمىز، ئۇيۇشمىمىز، دىنىي جەمئىيىتىمىز،پارتىيە-گۇرۇھلىرىمىز،«ئىرق»لىرىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشى قاتارلىقلار، ئەمەلىيەتتە، ھەمكارلىق ئارقىلىق باشقا تەشكىلات، گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان رىقابەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر. رىقابەتچى كوللېكتىپ رىقابەتچى شەخسلەرگە ئوخشايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. مەسىلەن: نەپسانىيەتچىلىك، جېدەلخورلۇق، تەرەپبازلىق،ھاكاۋۇرلۇق قاتارلىقلار. مۇشۇنىڭغا

ئوخشاش نۇرغۇن بىزلەردىن تەركىپ تاپقان دۆلىتىمىز،دەل بىزنىڭ ئۆزىمىزدۇر. ئۇلار بىزنىڭ تەبىئىتىمىزنى تۇم قەلەم بىلەن يازىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىمىزنى پىلدەك يوغىنىتىپ ئىپادىلەيدۇ. بىز ئاچكۆز، نەپسىمىز يامان، جېدەلخورمىز. چۈنكى، بىزنىڭ قېنىمىزدا ئون مىليون يىل بۇرۇنقى ھېكايىلەر بار، ئەينى چاغدا ئەجدادلىرىمىز ياشاش ئۈچۈن قوغلاپ تۇتۇش، ئۇرۇش قىلىش،ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قايتا ئوزۇق تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، تاپقان ئوزۇقىنى ئاشقازىنى كۆتۈرەلمىگىدەك يېيىشكە مەجبۇر. ئۇرۇش بىر دۆلەتنىڭ ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى. ئۇرۇش ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ رىقابەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلى . دۆلەتلىرىمىز تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوغداش كوللېكتىپىنىڭ ئەزاسى بولغانغا قەدەر، ئۇلار خۇددى ئۆۋچىلىق دەۋرىدىكى شەخس ۋە ئائىلىلەرگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ.

تارىخنىڭ ئىككىنچى بىئولوگىيە ساۋاقى شۇكى، تۇرمۇش تالىلاش دېمەكتۇر. يېمەك-ئىچمەك، جورا، ياكى كۈچ ئۈچۈن رىقابەتلىشىش جەريانىدا، بەزىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، بەزىلىرى مەغلۇپ بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ھاياتنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتا باشقىلارغا قارىغاندا قابىلىيەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، تەبىئەت ( مەۋجۇت چىنلىق ۋە ئۇنىڭ جەريانىنى كۆرسىتىدۇ ) ئامېرىكىنىڭ « مۇستەقىللىق خىتابنامىسى » ياكى فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ « كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى » نى ئوقۇپ باقمىغان. بىز ئەمەلىيەتتە تۇغما ئەركىنسىزلىك ۋە باراۋەرسىزلىككە مەھكۇم. مەسىلەن: بىز فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتە ئىرسىيىتىمىزگە مەھكۇم، شۇنداقلا كوللېكتىپىمىزنىڭ ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا مەھكۇم، ئۇنىڭدىن باشقا ساغلاملىق ۋە جىسمانىي جەھەتتە، ئەقلىي ئىقتىدار ۋە خاراكتېر جەھەتتە ، ھەممە ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ . تەبىئەت ھەرخىللىقنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى بۇ تاللىنىش ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ تۈپ ئېھتىياجىدۇر. بىر جۈپ پۈتۈنلەي ئوخشاش قوشكېزەك بالا بولمايدۇ، ئارىسىدا يۈزلەرچە پەرق بولىدۇ، دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىككى تال پۇرچاق تاپقىلى بولمايدۇ.

باراۋەرسىزلىك تەبىئىي ۋە تۇغما بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ مۇرەككەپلىشىگە ئەگىشىپ كۈچىيىپ بارىدۇ. ئىرسىيەت جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك جەمئىيەتنىڭ سۈنئىي باراۋەرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر بىر كەشپىيات ۋە بايقاشنىڭ ھەممىسى تالانت ئىگىلىرى تەرىپىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن ياكى ئۇلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان بولۇپ، نەتىجىدە كۈچلۈكلەر بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك، ئاجىزلار بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئاجىز بولۇپ قالغان. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋەزىپە ۋە ئىقتىدارنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ بەك نامايان قىلىپ، ئەرلەررنى ئۆز كوللېكتىپىغا نىسبەتەن تېخىمۇ پەرقلىق، تېخىمۇ باراۋەر بولمىغان ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە قىلدى. ئەگەر بىز ئىنسانلارنى تولۇق چۈشەنسەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قابىلىيىتى قالغانلىرىغا تەڭ كېلىدىغان %30 ئادەمنى تاللىۋالالايمىز. رېئال ھاياتلىق ۋە تارىخ كالۋىننىڭ (Calvin، 1509-1564 ) خۇداسىنى ئەسلىتىدىغان «ئۇلۇغۋار ئادالەتسىزلىك » بويىچە داۋاملىشىۋېرىدۇ.

«تەبىئەت» بىزنىڭ ئوتوپىيەمىزدىكى ئەركىنلىك بىلەن باراۋەرلىك ئوتتۇرىسىدا قۇرغان بىرلىكىمىزنى مەسخىرە قىلىدۇ. چۈنكى ئەركىنلىك بىلەن باراۋەرلىك زادى سىغىشالمايدىغان دۈشمەنلەردىن بولۇپ، بىر تەرەپ غەلىبە قىلسا، يەنە بىر تەرەپ ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئادەم ئەركىن بولسا، ئۇلارنىڭ تەبىئىي باراۋەرسىزلىكى خۇددىي ئۇزلۇكسىز ئېشىپ بارىدىغان گېئومېتىرىيەلىك سانلار قاتارىغا ئوخشاش ھەسسىلەپ ئېشىپ بارىدۇ، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش

سىياسىتى دەل مۇشۇنداق ئىدى. ئەگەر تەڭسىزلىكنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى كونترول قىلماقچى بولسا، ئەركىنلىك چوقۇم قۇربان قىلىنىشى كېرەك، 1917-يىلىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەل مۇشۇنداق ئىدى. ھەتتا باستۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ تەڭسىزلىك يەنىلا ئېشىپ باردى، پەقەت ئىقتىسادى ئەھۋالى ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن تۆۋەن بولغان كىشىلەرلا باراۋەرلىككە تەشنا بولىدۇ، ئەقلى ئويغاق كىشىلەرلا ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ، نەتىجىدە، ھامان يۇقىرى ئىقتىدارلىق كىشىلەرلا غەلىبە قازىنىدۇ. باراۋەرلىك چۈشى بىئولوگىيەلىك نۇقتىدىنلا مەغلۇبىيەتكە مەھكۇمدۇر. بەزى پەيلاسوپلارنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك، ئەگەر بىر جەمئىيەتتە قانۇننىڭ ئادىللىقى ۋە مائارىپ پۇرسىتىنىڭ باراۋەر بولۇشى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا ئاشقان بولسا، شۇنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. بىر جەمئىيەتتە يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بارلىق كىشىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يول قويۇلسا، جەمئىيەتلەر ئارىسىدىكى رىقابەتتە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ئۈستۈنلۈك قازىنالايدۇ. ئارىلىق بۇزۇپ تاشلىنىپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قارشىلىشىش كۈچەيگەندە، بۇ خىل رىقابەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ.

تارىخنىڭ بىئولوگىيە جەھەتتىكى ئۈچىنچى ساۋىقى شۇكى، ھاياتلىق چوقۇم كۆپىيىشى كېرەك. ھەر قايسى ئورگانىك ماددىلار، ئۆزگەرگەن جىسىملار ۋە تۈرلەر ئەگەر زور مىقداردا كۆپىيىپ قايتا يېتىلمىسە، ئۇنداقتا «تەبىئەت» مۇ ئۇلارغا موھتاج بولمايدۇ. «تەبىئەت» بولسا سانىنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى بۇ سۈپەتلىكلىرىنى تاللاشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. ئۇ يەنە چوڭ قالايمىقانچىلىقنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، كۈرەش قىلىشقا ئامراق، چۈنكى مۇشۇ يول بىلەن ئاز ساندىكى ھاياتلىققا ماس كېلىدىغانلارنى تاللىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىسپېرمىنىڭ بىر تۇخۇمنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ ھامىلدار قىلىش رىقابىتىگە ئەنە شۇنداق رازىمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ يەككىلىككە قارىغاندا تۈرگە بەكرەك قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەدەنىيەت بىلەن ياۋايىلىقنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. ئۇ يۇقىرى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قېلىشىغا، ھەمدە تۆۋەن تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەتكە خاس بولۇپ قېلىشىغىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ (بۇ يەردە كۆپىيىش جەريانى، ئۆزگىرىش، رىقابەتلىشىش، تاللاش ۋە ياشاش جەريانى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ) كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەن بىر دۆلەتنىڭ، كۆپىيىش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك ۋە باياشات كوللېكتىپنىڭ قەرەللىك بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدۇ. قەيسەر (Caesar ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 44-يىلىدىن مىلادىدىن كېيىنكى 100 غىچە) دەۋرىدە، كائۇل (Caul) رىم قوشۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن گېرمانىيەلىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئەنگلىيە - ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى تۇرماقتا. رىم قولدىن كەتكەندە، فىرانكلار گېرمانىيەدىن بېسىپ كىرىپ، كائۇل(Caul) فىرانسىيەسىنى قۇرغان. ئەگەر بۇ قېتىم ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىمۇ ھالاك بولغان بولسا، 19-ئەسىردىن بۇيان نوپۇسى ئاساسەن ئۆزگەرمەي تۇرۇۋەرگەن فىرانسىيەمۇ يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ سانى بەك كۆپ، يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولمىسا، «تەبىئەت» مۇنداق ئۈچ خىل ئامىل ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ: قەھەتچىلىك، ۋابا ۋە ئۇرۇش. توماس مالتۇس(Thomas Malthus، 1766-1834) 1798-يىلى ئۆزىنىڭ مەشھۇر «نوپۇس نەزەرىيەسى» دېگەن ئەسىرىدە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر دەۋرىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىسا، تۇغۇلۇش نىسبىتى ئۆلۈش نىسبىتىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەرقانچە ئاشقان تەقدىردىمۇ،

نۇپۇسىنىڭ ئېشىشى بەرىبىر ئۇنى يوققا چىقىرىدۇ. گەرچە مالتۇس بىر پوپ، شۇنداقلا ئاق كۆڭۈل ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «نامراتلارغا قۇتقۇزۇش پۇلى ياكى ماددىي ئەشيا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بالدۇر توي قىلىشى ۋە تېزدىن كۆپىيىشىگە ئىلھام بېرىش، مەسىلىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ» دەپ قارىغان. ئۇ «نوپۇس نەزەرىيىسى» كىتابىنىڭ 2- نەشرىدە ( 1803 - يىلى ) «پەقەت نەسىل قالدۇرۇشنىلا چەكلىمەستىن، بەلكى جىنسىي تۇرمۇشنىمۇ چەكلەش كېرەك» دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇغۇتقا چەك قويۇشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشنى رەت قىلغان. ئۇ ئەگەر كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا چاقىرىدىغان نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىش نىسبىتى بەك تۆۋەن بولسا، كەلگۈسىدىكى نوپۇس بىلەن ئاشلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئاچارچىلىق، ۋابا ۋە ئۇرۇش ئارقىلىق ساقلىنىدۇ دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان.

19 - ئەسىردىكى يېزا ئىگىلىك ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى مالتۇسنىڭ پەرىزىگە رەددىيە بەردى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەدە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش، كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلدى، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نىكاھلىنىش يېشىنى كەينىگە سۈردى ۋە ئائىلە سانىنى ئازايتتى. ئىستېمالچىلارنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى بولسا، ئەمەلىيەتتە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭمۇ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى دېمەكتۇر. يېڭى ئەمگەكچىلەر يېڭى يەرلەرنى ئېچىپ، يېمەكلىك زاپىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. يېقىندا كانادا ۋە ئامېرىكا نەچچە مىليون بۇشېل (Bushel)[1] بۇغداي ئېكسپورت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت ئىچىدىكى ئاچارچىلىق ۋە ۋابادىن ساقلىنىپ قالدى، بۇ ئاجايىپ مەنزىرە مالتۇسنى جانلىق بىر جاۋاب بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەر ھازىر بار بولغان يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى ھەممە يەردە مەۋجۇت بولسا، بۇ پىلانېتا ھازىرقىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ نوپۇسنى باقالايدۇ.

مالتۇس بۇنىڭغا بەلكىم مۇنداق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن: بۇ خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلى پەقەت ئاپەتنى كېچىكتۈرىدۇ. تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىنىڭ چېكى بولىدۇ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىدىكى ھەربىر ئىلگىرىلەش، ھامان تۇغۇلغانلار سانىنىڭ ئۆلگەنلەر سانىدىن ئېشىپ كېتىشى بىلەن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مېدىتسىنا، سەھىيە ۋە خەير-ساخاۋەت ئورگانلىرى ساغلام بولمىغان كىشىلەرنى ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىگە ئوخشاشلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشى ، شۇنىڭ بىلەن ماس كېلىدىغانلارلا ھاياتتا قالىدۇ دەيدىغان تەبىئىي تاللىنىشنىمۇ يوققا چىقىشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىغا قارىتا، بەزىلەر يەنە مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: نۆۋەتتە نوپۇسى كۆپ ھەم دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان دۆلەتلەر، سانائەت تەرەققىياتى، شەھەر قۇرۇلۇشى، مائارىپ، شۇنداقلا تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، كۆپىيىش نىسبىتىنى ئازايتىش جەھەتتە، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا ئوخشاش ئۇنۇمگە ئېرىشىشى مۇمكىن. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كۆپىيىش تەڭپۇڭلىشىدىغان ۋاقىت كېلىپ بولغىچە، ئىلگىرى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تەشۋىق قىلىش ئەڭ توغرا ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. كۆڭۈلدىكىدەك كۆپىيىش ساغلام كىشىلەرنىڭ بىر تۈرلۈك ھوقۇقى بولۇپ، ھەرگىزمۇ جىنسىي ھەۋەسنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى ئەمەس.

تۇغۇت چەكلەشنىڭ نورمالسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات بارمۇ؟ ئۇ سەۋەبلىك ئەقىل - پاراسىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن مىللەتلەر بارمۇ؟ ئېھتىمال ئەقلىيرەك كىشىلەرنىڭ تۇغۇتقا چەك

[1] ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر بۇشېل بۇغداي تەخمىنەن 14.52 كىلوگرام بۇغداغا تەڭ

قويۇشى، ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا كۆپرەك بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار مائارىپچىلارنىڭ ئەمگىكى ھەربىر ئەۋلاد ئىچىدە مائارىپسىز قالغان ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن يوققا چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، بىز دەۋاتقان بىلىم دائىرىسىنىڭ كۆپىنچىسى پەرقلىق تەربىيە، پەرقلىق پۇرسەت ۋە پەرقلىق تەجرىبىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ گېن ئارقىلىق مىراس قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات يوق. ئېنىقكى، دوكتورنىڭ بالىلىرىمۇ تەربىيە ئېلىشقا مۇھتاج، ئۇلارمۇ بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىكى خاتالىقلار، قارغۇلارچە ئىشتىياقلار ۋە پىكرىي ئىزىملارنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك. بىز ئىنتايىن كەمبەغەل كىشىلەر ۋە مېيىپ نامراتلارنىڭ خىروموسومىدا ھېچقانداق يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە تالانت يوق دېيەلمەيمىز. بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، پەرزەنت كۆرۈش جەھەتتە، جىسمانىي مۇكەممەللىك بولسا ئەقلىي مۇكەممەللىكتىنمۇ قىممەتلىك بولۇشى مۇمكىن. نىچشې (Nietzche ، 1844-1990) «گېرمانىيەنىڭ ئەڭ ياخشى قان سىستېمىسى دېھقانلارنىڭ تومۇرىدا، ئىرقىي كۆپىيىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەيلاسوپلار توي قىلىپ بالىلىق بولۇشقا ئەڭ ماس كەلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئائىلىدە تۇغۇت چەكلەش پىلانى يۇنان ۋە رىم تارىخىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان. قىزىقارلىقى شۇكى، جۇلىيۇس قەيسەر (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 59 - يىلى) پەرزەنتلىرى كۆپ رىملىقلارنى مۇكاپاتلىغان، ھەمدە پەرزەنتسىز ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئالدىدا ئات مىنىشىنى، مەرۋايىت، ياقۇت دېگەندەك زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشىنى چەكلىگەن. تەخمىنەن 40 يىلدىن كېيىن ئاگۇستۇس (Augustus ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 23 دىن مىلادىدىن كېيىنكى 14-يىلىغىچە) بۇ ھەرىكەتنى يەنە بىر قېتىم قوزغىدى، لېكىن نەتىجىسى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. يۇقىرى قاتلام سىنىپلىرىدا تۇغۇت چەكلەش تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىمالىي گېرمان، يۇنان ياكى شەرقىي سام مىللىتىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئىتالىيەنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بەلكىم بۇ خىل ئېتنىكلىق ئۆزگىرىش ئاھالىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئارزۇسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن مۇمكىن.

ئامېرىكىدا، ئانگلو - ساكسونلارنىڭ تۆۋەن تۇغۇلۇش نىسبىتى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى، رىم كاتولىك دىنىي ئائىلىلىرىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولغان تۇغۇلۇش نىسبىتى 2000- يىلغا بارغاندا رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت، شەھەر ياكى شتاتلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېتەكچى كۈچىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جەريان كاتولىكلىقنىڭ فىرانسىيە، شىۋېتسارىيە ۋە گېرمانىيىدە ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بەرمەكتە. ۋولتېر (Voltaire، 1694-1778)، كالۋىن ۋە لۇتېر(Luther ، 1483-1546)لارنىڭ زېمىنى، پات ئارىدا رىم پاپالىرىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا تۇغۇلۇش نىسبىتى خۇددى ئۇرۇشقا ئوخشاش مىلادىيە 732 - يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ Tours دىكى مەغلۇبىيىتى، فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيەدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنجىلنىڭ ئورنىنى ئېلىشىنى توسۇپ قويغىنىغا ئوخشاش، دىنىنىڭمۇ تەقدىرىنى بەلگىلىشى مۇمكىن، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئەۋزەل تەشكىلى، ئىنتىزامى، ئەخلاقى، ساداقىتى ۋە كۆپىيىشى، پىروتىستانت دىنى ئىسلاھاتى ۋە فرانسىيە مەرىپەتچىلىكىنى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن. دۇنيادا تارىختىنمۇ يامان «قىزىقچى» بولمىسا كېرەك.

## ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار:

1 - قۇتادغۇ بىلىك (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)
2 - ئېتنىك، ئۇلۇس، كىملىك ۋە ئۇلۇسچىلىق (رۇقىيە تۇردۇش)
3 - ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت (ئۈمىت شىمشەك)
4 - شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس جۇغراپىيەسى (دوكتور بىلال نىزام)
5 -شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا - ئىگىلىكى ۋە دېھقانچىلىقى (دوكتور بىلال نىزام)
6 - ئالىيا ئىززەتبېگوۋىچ (خالىت چېلىل)
7 - پىسخىكىلىق ئۇرۇش: كۆلرەڭ تەشۋىقات (پىروف.دوكتور نەۋزات تارھان)
8 - ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى (دوكتور نەبىجان تۇرسۇن)
9 - تارىخى ئۇنتۇپ كەتكەن ئايال - ئامىنە بۇغرا (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت)
10 - ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (ئابدۇلجېلىل تۇران)
11 - سەيياھلار ئىزىدىن (زۇلھايات ئۆتكۈر)

ISSN 0275-7923
9 770275 792207